2024 فېۋرال
ئومۇمي 54-سان

ئۇيغۇرلار

The Uyghurs

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival



ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە خەلقئارا سىياسەت 33
شى جىنپىڭنىڭ ئىدىيە تازىلىشى 11
ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر 1

2024 فېۋرال
ئومۇمىي 54-سان

ئۇيغۇرلار

ئايلىق ئومۇمىي ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمدە دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.

باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت
مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئۆتكۈر ئالماس

چىقارغۇچى ئورۇن :
ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)
www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:
ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.
مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.

6 009800 461091 >

مۇندەرىجە

مىسلىسىز ئويغىنىش

ئۆزىنى تىزگىنلەش بىمەنىلىكمۇ؟

سىزنىڭ توردىكى ۋە رېئاللىقتىكى خاراكتېرلىرىڭىز قانچىلىك پەرقلىق؟ 69

تۈرۈك دوستلار 37

ئىستراتېگىيە تەتقىقاتى

ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر ماھارەتلىرى

خىتاي تەتقىقاتى

شى جىنپىڭنىڭ «ئىدىيە تازىلىشى» قانداق قىلىپ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى؟

خەلقئارا ۋەزىيەت

غەرب شىركەتلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنىش پۇرسىتى 23

خىتاي-چاۋشيەن مۇناسىۋەتلىرىگە نەزەر 85

گۈلىستان

ئەقىللىق توشقانچاق 64



ئۇيغۇر تەتقىقاتى

خىتاي ئۇيغۇرلار قاراتقان قامالنى تېخىمۇ كۈچەيتمەكتە 40

خىتاي ئۇيغۇرلار قاراتقان قامالنى تېخىمۇ كۈچەيتمەكتە 77

كۆڭۈل ۋە تەن

ئەسلىگە كېلىش ئىقتىدارىڭىزنى جارىي قىلدۇرۇشىڭىز ئۈچۈن يەتتە خىل چارە 27

ياخشى كۆرۈنمەيدىغان كىشى 51

ھېكمەتلەر

جورج ئورۋېل ئەقلىيە سۆزلىرىدىن ئارىيە 73

ساغلاملىق

ئۈچ خىل يېمەكلىكتىكى بەزى پايدىلار 74

مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام

ساغلام قەلب ۋە ھەقىقەت يولىدا يالغۇز قېلىش 81

تارىخ ۋە بىز

ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭ خەلقئارا سىياسەتتىكى رولى

نيۇتوننىڭ ئېتىقادى 60

ئىستراتېگىيە

THE GREAT COURSES®

Topic
Professional

Subtopic
Thinking Skills

Strategic Thinking Skills

Professor Stanley K. Ridgley
Drexel University

ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر ماھارەتلىرى

پروفېسسور ستەنلى رىدگلېي

ئىستراتېگىيىلىك تەپەككۇر ماھارەتلىرى

دوكتور ستەنلى رىدگلېي

(ئامېرىكا درېكسېل ئۇنىۋېرسىتېتى باشقۇرۇش فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى)

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

4 ـ لېكسىيە: زامانىۋى ئىستراتېگىيەلىك توقۇنۇش پرىنسىپلىرى

ساغلام پرىنسىپىنىڭ بەلگىسى- ئۇنىڭ زامان ۋە مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قارىماستىن، يەنىلا قوللىنىلىشچانلىقىنى ساقلاپ قالالىشىدۇر. رىقابەت ۋە توقۇنۇش يۈز بەرگەن ئەھۋالدا، بىز بۇ لېكسىيەدە مۇھاكىمە قىلىدىغان ئۇرۇش پرىنسىپلىرى بىزنى قەتئىي ئىرادىلىك رەقىبكە قارشى ھەر قانداق ئىستراتېگىيەنى يولغا قويۇش جەھەتتە يېتەكچى پىكىر بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇرۇش پرىنسىپى ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر قىلىشنى ئۆگىنىشتىكى قىممەتلىك قورالدۇر.

<u>فرانسىيە، 1940 ـ يىلى ئەتىياز</u>

1940 ـ يىلى ئەتىيازدا، ئۆزلىرىنىڭ پولاتتەك مۇستەھكەم «ماگىنوت لىنىيەسى»نىڭ (Maginot Line) ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان فرانسىيەلىكلەر «گېرمانلارنىڭ ھۇجۇمىغا تەييارمىز» دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما، بۇ لىنىيەنىڭ فرانسىيە ـ بېلگىيە چېگراسىغا جايلاشقان ئاز بىر قىسمى، بولۇپمۇ قويۇق ئاردېنىس ئورمانى رايونىدىكى بۆلىكى مۇداپىئەسىز ئىدى. فرانسىيەلىكلەر ئاردېنىس ئورمىنى گېرمانلارنىڭ بۇ رايونغا ھۇجۇم قىلىشىنى توسۇپ قالالايدۇ، دەپ قارىغانىدى.

ھالبۇكى، گېرمانلارنىڭ ئۆز ئەسكەرلىرىنى جۇغلاپ، فرانسىيەنىڭ ماگىنوت لىنىيەسىگە مەركەزلىك ھۇجۇم قىلىش نىيىتى يوق ئىدى. ئەكسىچە، ئۇلار ئاردېنىس ئورمىنى ئارقىلىق ھۇجۇم قوزغىدى ھەمدە

شۇ ئارقىلىق زامانىۋى ئۇرۇشتا كەم ئۇچرايدىغان بىر ھادىسىنى، يەنى «ئىستراتېگىيەلىك ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم»نى (strategic surprise) ۋۇجۇدقا چىقاردى.

گېرمانلار مۇنداق ئىككى خىل ئىستراتېگىيەلىك پرىنسىپنى بىرلەشتۈردى: (1) پائالىيەتلەرنى يىغىنچە ئۇسۇلدا تەشكىللەش ۋە (2) ۋاستىلىك لىنىيە. ئۇلار «چاقماق تېزلىكىدىكى ئۇرۇش»نى (blitzkrieg) قوزغاپ، تانكا، ئايروپىلان ۋە پىيادە ئەسكەرلەرنى ئىشلىتىشنى بىرلەشتۈردى ھەمدە فرانسىيەنىڭ مۇداپىئە سېپىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، بېلگىيەگە بېسىپ كىردى ۋە ئاخىرىدا ماگىنوت لىنىيەسىنىڭ فرانسىيەنىڭ باشقا جايلىرى بىلەن بولغان باغلىنىشىنى ئۈزۈپ تاشلىدى.

گېرمانلار فرانسىيەگە ئەجەللىك زەربە بېرىشتە، ئۆزلىرىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك مۇددىئاسىغا يېتىش ئۈچۈن، ھۇجۇم، توپلىنىش، ئىستراتېگىيەلىك يۆتكىلىش، كۈچ تېجەش ۋە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قاتارلىق خىلمۇخىل ئۇرۇش پرىنسىپلىرىنى ئىشلەتكەنىدى.

ساغلام پرىنسىپنىڭ بەلگىسى شۇكى، تېخنىكا، ئورۇن ۋە ئۇرۇش ئىشتىراكچىلىرى ئۆزگەرگەن زامان ۋە شارائىتتا ئۇنى يەنىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك قوللانغىلى بولىدۇ. ئەمدى بىز بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئەنگلىيەلىك پولكوۋنىك جون فرېدېرىك چارلېز فۇلېر (John Frederick Charles Fuller) تەرىپىدىن يىغىنچاقلانغان ۋە ئامېرىكا ئارمىيەسى تەرىپىدىن (شۇنچىكى پەرقلىق شەكىلدە) قوبۇل قىلىنغان بىر يۈرۈش ئۇرۇش پرىنسىپلىرىغا كۆز يۈگۈرتۈپ باقايلى.

ئۇرۇش پرىنسىپلىرى

نىشان: ھەر بىر ھەربىي ھەرىكەتنى ئېنىق بېكىتىلگەن، ھەل قىلغۇچ ۋە يەتكىلى بولىدىغان نىشانغا توغرىلاش.

ھۇجۇم: تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈش، ساقلاش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش.

توپلىنىش: قارشى تۇرغۇسىز دەرىجىدىكى (overwhelming) زور جەڭ كۈچىنى ھەل قىلغۇچ ماكان ۋە زامانغا مەركەزلەشتۈرۈش.

كۈچ تېجەش: بارلىق ئۈنۈملۈك جەڭ كۈچلىرىنى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلدا ئىشلىتىش؛ ئىككىلەمچى ئۇرۇنۇشلار ئۈچۈن ئەڭ تۆۋەن چەكتىكى جەڭ كۈچلىرىنى تەقسىم قىلىش.

ئىستراتېگىيەلىك يۆتكىلىش: جەڭ كۈچلىرىنى جانلىق ئىشلىتىش ئارقىلىق دۈشمەننى پايدىسىز ۋەزىيەتكە چۈشۈرۈش.

بىر تۇتاش قوماندانلىق: ھەر بىر نىشان ئۈچۈن، قوماندانلىق ۋە تىرىشچانلىقتىكى بىردەكلىكنى قوغلىشىش.

بىخەتەرلىك: دۈشمەننىڭ ئويلىمىغان ئەۋزەللىكىگە ئېرىشىشىگە زىنھار يول قويماسلىق.

ئۈشتۈمتۈت ھۇجۇم: دۈشمەنگە ئۇلار تەييارلىقسىز تۇرغان زامان، ماكان ياكى ئۇسۇلدا زەربە بېرىش.

ئاددىيلىق: چۈشىنىشنىڭ تەلتۆكۈس بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئېنىق ۋە ئاددىي پىلان ھەمدە ئىخچام بۇيرۇقلارنى تەييارلاش.

نىشان

ئۇرۇشنىڭ ئاداققى ھەربىي مەقستى دۈشمەننىڭ قوراللىق كۈچلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئىرادىسىنى بىتچىت قىلىشتۇر. ئەلۋەتتە، ئۇرۇشنىڭ سىرتىدىكى باشقا ھەرىكەتلەرنىڭ ئاداققى نىشانلىرىنىڭ ۋەيران قىلغۇچلۇق خاراكتېرى ئۇرۇشنىڭكىدىن كۆپ تۆۋەندۇر؛ ئەمما، ئېنىق نىشان ياكى بۇرچ بولۇشى يەنىلا مۇھىم.

بۇ نىشان ھەرىكەتلەرنى پىلانلاش ۋە ئىجرا قىلىشقا قاتناشقان بارلىق خادىملارغا چوقۇم ئېنىق بولۇشى كېرەك. شەخس قاتلىمىدا، بىز چوقۇم ئاداققى نىشانىمىزنى ئېنىق بىلىشىمىز؛ ئۇ چوقۇم بىزنىڭ بارلىق پرىنسىپلارنى قوللىنىشىمىزغا تەسىر كۆرسىتىشى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك.

بىز دائىم ۋەزىپىلەرنىڭ ئۇششاق تەپسىلاتلىرى بىلەن ھەپىلىشىش ھەلەكچىلىكىدە قېلىپ، تاكتىكىلار بىلەن نىشاننى ئارىلاشتۇرۇۋېتىمىز. تارىخ تاكتىكىلارغا ماھىر، ئەمما ئۇلارنى تېخمۇ چوڭ ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىيەتكە باغلىيالمىغان تاكتىكچىلار بىلەن تولغان. ھەتتا روبېرت لىمۇ (Robert E. Lee) ئۇستا تاكتىكچى، ئەمما ئادەتتىكى ئىستراتېگىيەچى دەپ قارالغان.

ھەر قانداق ھەرىكەتنىڭ چوقۇم مۇددىئاسى بولۇشى، شۇنداقلا بۇ مەقسەت باشتىن تارتىپلا ئېنىق بولۇشى؛ ھەر بىر ھەرىكەت ئاخىرقى ئىستراتېگىيەلىك نىشانغا تۆھپە قوشۇشى؛ ئارىلىقتىكى نىشانغا يېتىش چوقۇم ھەرىكەتكە بىۋاستە، تېز ۋە تېجەشچان رەۋىشتە تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

ئارمىيە ۋەزىپە، دۈشمەن، قوشۇن، يەر شەكلى ۋە ئىشلەتكىلى بولىدىغان ۋاقىت (METT-T) توغرىسىدىكى تەھلىل رامكىسىنى ئىشلىتىپ، شۇ ئارقىلىق تېز ھەرىكەت پىلانىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. قوماندانلار دۈشمەن كۈچلىرى، ئاساسلىق يەر شەكلى ياكى ۋەزىپە ئۈچۈن مۇھىم بولغان باشقا ھالقىلىق ساھەلەر قاتارلىق ماددىي نىشانلارنى بېكىتىدۇ. ئاندىن بۇلار بارلىق شاخچە پىلانلارنىڭ ئاساسى بولۇپ قالىدۇ، شۇنداقلا ئاساسلىق نىشاننىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا تۆھپە قوشمايدىغان ھېچقانداق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلمايدۇ.

يەنە شۇنىڭدەك، ئۆزىڭىزنىڭ ئىستراتېگىيەلىك پىلانىڭىزدا، ۋەزىپە ياكى نىشان چوقۇم سىزنىڭ تەپەككۇرىڭىز ۋە ھەرىكىتىڭىزنى تىزگىنلىشى ھەمدە ئۇلارغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىشى كېرەك. ھەربىي رامكىغا ماسلىشىپ، «دۈشمەن»نى رىقابەتچى، «قوشۇن»نى خىزمەتچى ياكى ئۆزىڭىزنىڭ ئېنېرگىيەسى ۋە بايلىقى، «يەر شەكلى»نى ئۆزىڭىز باشقۇرىدىغان تەشكىلىي مۇھىت دەپ ئويلاڭ.

ھۇجۇم

رىقابەتنىڭ ئىككىنچى پرىنسىپى بىزگە شۇنى تەلقىن قىلىدۇكى، ھۇجۇمچان ھەرىكەت نىشانغا يېتىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى بولۇپ، بۇ ھەرىكەت ئۈنۈملۈك ۋە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.

ھۇجۇمچان ھەرىكەتلەر ئارقىلىق ھەرىكەت ئەركىنلىكىمىزنى قوغداش بىلەن بىرگە، تەشەببۇسكارلىقنى ئېرىشىمىز ۋە ئۇنى ساقلاپ قالالايمىز. بۇ ئۇرۇش، تەنتەربىيە، سودا ۋە سىياسەتتىكى ھەر دەرىجىلىك ھەرىكەتلەردە ئاساسىي جەھەتتىن توغرىدۇر. بىز پەقەت ۋاقىتلىق زۆرۈرىيەت تۈپەيلى، شۇنداقلا تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈپ، ھۇجۇم ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ئالدىدا ئاندىن «مۇداپىئە»گە ئۆتىمىز.

بۇنىڭ سەۋەبى ئېنىق بولۇشى كېرەك: ھۇجۇم ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق تەشەببۇسكارلىقنى ساقلايدىغان تەرەپ رىقابەتچىلىرىنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەدبىر قوللىنىشىغا يول قويماستىن، ئۇلارنى ئىنكاس قايتۇرۇشقا مەجبۇرلايدۇ.

توپلىنىش

توپلىنىش جەڭگىۋار كۈچنىڭ مەركەزلىك زامان ۋە ماكان ئىچىدە دۈشمەنگە قارشى تەڭ ھەرىكەتكە ئۆتۈشىدۇر. كۈندىلىك تۇرمۇشتا، بۇ يەردىكى ئىدىيە «رىقابەتچىلەرگە كەڭ كۆلەملىك زەربە بېرىش»تۇر.

بۇ پرىنسىپنى قوللىنىش بەزىلەرگە نىسبەتەن كۆرۈنگىنىدەك ئۇنچە ئاسان ياكى ئاددىي ئەمەس. ئەڭ ياخشى ئەھۋالدىمۇ، چوڭ تەشكىلاتنىڭ نۇرغۇن مەشغۇلات بۆلەكلىرىنى ماسلاشتۇرۇش بەسى مۈشكۈل. ئۇنىڭدىن سىرت، ئۇرۇشتىن باشقا ئەھۋاللاردا، بىز كەڭ كۆلەملىك جەڭنى ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ كۆپ مۇرەسسەنى خالىشىمىز مۇمكىن.

لېكىن، جەڭگە قاتنىشىشنى قارار قىلغاندا، بۇ پرىنسىپ بايلىقلىرىمىزنى ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشقا مەركەزلەشتۈرۈشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. بىز يەنە ئۈنۈمىنىڭ ئۇزۇن داۋاملىشىشى ئۈچۈن، بىر يەرگە توپلانغان بايلىق ۋە ھۇجۇملىرىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

كۆچنى تېجەش

بىز تويلىغان كۆچ ھېچقاچان چەكسىز بولمىغاچقا، بىز ئۆز نۆۋىتىدە يەنە كۆچنى تېجەپ ئىشلىتىشكە موھتاجمىز. بىز چوقۇم بايلىقلىرىمىزنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ ۋە تەقسىملەپ، ھەر بىر بۆلەكنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان نىشانى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

ھەربىي ھەرىكەتلەردە، جەڭ قىلىش كۆچى چەكلىك بولۇپ، ئېھتىيات ۋە پاراسەت بىلەن ئىشلىتىشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۇ چەكلىك ھۇجۇم، مۇداپىئە، كېچىكتۈرۈش (delay)، ئالداش، ھەتتا چېكىنىش ھەرىكەتلىرى قاتارلىق ھەر خىل ۋەزىپىلەرگە مۇۋاپىق دەرىجىدە تەقسىم قىلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى چوقۇم ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆلچەش كېرەك، شۇنداق بولغاندا جەڭگاھتىكى ھەل قىلغۇچ ماكان ۋە پەيتلەردە كۆچىمىزنى مەركەزلەشتۈرەلەيمىز.

سودىدىمۇ بايلىقلىرىمىزنى ئىككىلەمچى تۈرلەرگە ئىسراپ قىلىۋەتمەسلىككە ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

ئىستراتېگىيەلىك يۆتكىلىش

ئىستراتېگىيەلىك يۆتكىلىش پرىنسىپى بىزنى تېخىمۇ كۆپ پايدىغا ئېرىشتۈرەلەيدۇ. بىز رىقابەتتە ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىككە ئېرىشىشنى ئويلايمىز. بۇ ئەۋزەللىكنىڭ قانداق ئۆلچىنىشى كارخانىلارغا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ. مەسىلەن، سىز باشقا خىزمەت ئىلتىماس قىلغۇچىلار، ئوتتۇرا دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلار ياكى سىياسىي رىقابەتتىكى باشقا نامزاتلارغا قارشى ئەۋزەللىكنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىۋاتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن.

ئىستراتېگىيەلىك يۆتكىلىش ئورۇن ئەۋزەللىكىگە ئېرىشىش ئۈچۈن دۈشمەنگە قارىتا ھەرىكەت قىلىش جەريانىدۇر. ئۇنۇملۇك ئىستراتېگىيەلىك يۆتكىلىش دۈشمەننى تەڭپۇڭلۇقتىن مەھرۇم قىلىدۇ ۋە مۇۋەپپەقىيەتتىن پايدىلىنىشقا، ئۆزىمىزنىڭ ھەرىكەت ئەركىنلىكىمىزنى قوغداشقا ۋە ئاجىزلىقنى ئازايتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئېھتىياتچان، ئەمما كۈچلۈك ئىستراتېگىيەلىك يۆتكىلىش دۈشمەننى ھەرۋاقىت يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچار قىلىدۇ. ئۇ دۈشمەننىڭ ھەرىكىتىنى ئۈنۈمسىزلەشتۈرىدۇ ۋە ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيىتىگە سەۋەب بولالايدۇ.

ھەر دەرىجىلىك ھەرىكەتلەردە، ئىستراتېگىيەلىك يۆتكىلىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك قوللىنىلىشى تەپەككۇر، پىلان ۋە تەشكىللىنىڭ جانلىقلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز بۇ جەھەتتە يەنە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈش ۋە تېجەش پرىنسىپلىرىنى قوللىنىشىمىز كېرەك.

ئىستراتېگىيەلىك يۆتكىلىش ئىقتىدارىمىز جەڭنىڭ شەرت-شارائىتلىرىنى بەلگىلەش، جەڭنى رەت قىلىش ياكى كۈتۈلمىگەن تاكتىكىلىق ئەۋزەللىكنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق، قاچان ۋە قەيەردە جەڭگە قاتنىشىشنى قانداق بەلگىلىشىمىزنى كۆرسىتىدۇ.

ماھىرلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق، دۈشمەننى بولغۇسى ھەرىكەتلىرىمىزنى مۆلچەرلەش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلىپ، شۇ ئارقىلىق رىقابەتچىلىرىمىزنىڭ كاللىسىدا ئېنىقسىزلىق ۋە ئىككىلىنىش پەيدا قىلالايمىز.

بىر تۇتاش قوماندانلىق

مەسئۇلىيەتچانلىق نۇرغۇن كىشىلەر چوڭ بىلىدىغان ئۇقۇم بولسىمۇ، ئەمما نۇرغۇن كىشىلەر مەسئۇلىيەتچانلىق مۇتلەق زۆرۈر بولغاندا ئاندىن ئۇنى روياپقا چىقىرىشىدۇ (يەنى پەۋقۇلئاددە زۆرۈرىيەت بولمىغان ئەھۋالدا، ئۇنچە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىش قىلمايدۇ، ت). ئەمەلىيەتتە، مەسئۇلىيەتنىڭ پارچىلىنىشى ۋە يېپىق قارار چىقىرىش زامانىۋى ئامېرىكا كارخانىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىدەك قىلىدۇ. ئەمما، توقۇنۇش سەھنىسىدە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر مەقسىتىمىزگە يەتمەكچى بولساق، بىرلىككە كەلگەن قوماندانلىق ۋە بىرلىككە كەلگەن تىرىشچانلىق بولۇشى زۆرۈر.

ئارمىيەدە، بىرلىككە كەلگەن قوماندانلىق بارلىق كۈچلەرنىڭ بىرلىككە كەلگەن نىشانغا يېتىشكە يېتەكچىلىك قىلىش ھوقۇقى بار بىر قوماندانىنىڭ قول ئاستىدا ئىتتىپاقلىشىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىرلىككە كەلگەن تىرىشچانلىق بولسا، بارلىق كۈچلەرنىڭ ــ گەرچە ئۇلار ئوخشاش بىر قوماندانلىق قۇرۇلمىسىنىڭ بىر قىسمى بولمىغان تەقدىردىمۇ ــ ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان نىشان ئۈچۈن ماسلىشىپ ھەمكارلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

بىرلىككە كەلگەن قوماندانلىق ئىنكاس قايتۇرۇش ۋاقتىنى قىسقارتىپ، تېز قارار چىقىرىش ۋە ئىجرا قىلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىدىغان غايە بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى ھەمىشە روياپقا چىقارغىلى بولمايدۇ؛ ئەنە شۇ سەۋەبتىن، (روياپقا چىقىرىش نىسبەتەن ئاسان بولغان) بىرلىككە كەلگەن تىرىشچانلىق ھەممىدىن مۇھىم بولۇپ قالىدۇ.

بىخەتەرلىك

• بىخەتەرلىك تىرىشچانلىقنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. رىقابەتچىلەرنىڭ دەخلى-تەرۇزىغا ئۇچراشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، شۇنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، پىلان تۈزگەندە ۋە ئىجرا قىلغاندا رىقابەتچىلىرىمىزنىڭ ھەرىكىتىنى نەزەردىن ساقىت قىلالمايمىز. بىز بايلىقىمىزنى، بازار ئۈلۈشىمىزنى، پىرىنسىپلىرىمىزنى، ھەرىكەتلىرىمىزنى ۋە خادىملىرىمىزنى قوغدىشىمىز كېرەك.

پىلانىمىز ۋە ئىقتىدارىمىزنىڭ بىخەتەرلىكى خەۋپنى ئازايتىش ئارقىلىق ھەرىكەت ئەركىنلىكىمىزنى ئاشۇرىدۇ. ئاكتىپ بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى بىزنىڭ دۈشمەننىي ھەرىكەتلەرگە، تەسىرلەرگە ياكى ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇملارغا بولغان ئاجىزلىقىمىزنى ئازايتىدۇ.

ئەگەر بىز رەقىبلىرىمىزنىڭ ئىستراتېگىيەسىنى، تاكتىكىسىنى، تەلىماتلىرىنى ۋە خىزمەتچى پىلانىنى (staff planning) چۈشىنىدىغان بولساق ھەمدە ئۇلارنىڭ ئېھتىمالىي ھەرىكەت لىنىيەسىنى مۆلچەرلىيەلىسەك، ئۇنداقتا بىز يېتەرلىك بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى قوللىنالايمىز.

ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم

ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم ئەگەر ئىستراتېگىيەلىك سەۋىيەدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلسا، (ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قوزغىغان) بىر تەرەپكە شۇ قەدەر ھەيران قالارلىق ئەۋزەللىك ئاتا قىلالايدۇكى، شۇنىڭ شارائىتىدە ھەل بولماي كەلگەن مەسىلىلەر ھەل بولىدۇ. ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم توقۇنۇشتىكى ھەسسىلەپ كۈچ ئاشۇرغۇچتۇر (force multiplier).

شۇڭلاشقا، سىز رەقىبىڭىزگە ئۇشتۇمتۇت زەربە بېرىشنى ھەمدە بۇنى ئىمكانقەدەر كۆپ تەكرارلاشنى، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى تەڭپۇڭلۇقتىن مەھرۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ پىلانىغا كاشلا تۇغدۇرۇشنى ئويلايسىز.

ئۇشتۇمتۇم ھۇجۇم سۈرئەت، ئۇنۇملۇك ئىستىخبارات، ئالداش، كۈتۈلمىگەن كۈچلەرنى ئىشلىتىش، مەشغۇلات مەخپىيىتى، ئۇرۇش تاكتىكىسى ۋە ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئاددىيلىق

بۇ پرىنسىپلارنىڭ ھەممىسىنى بىرلەشتۈرگىنى ئاددىيلىق پرىنسىپىدۇر. پىلان قانچە ئاددىي بولسا، ئۇنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىجرا قىلىش پۇرسىتى شۇنچە چوڭ بولىدۇ. بولۇپمۇ چوڭ تەشكىلاتلار ياكى مۇرەككەپ تۈرلەردە بۇ ئىنتايىن مۇھىم.

كارخانا ساھەسىدە، ئاددىي ۋە بىۋاستە ئىستراتېگىيەلەر ھەمدە شۇلارغا ياندىشىدىغان ئاددىي ئىجرائاتلار شىركەتنىڭ بايلىق ۋە روھىنى ئەڭ ياخشى سەپەرۋەر قىلالايدۇ. ئاددىي پىلان ۋە ئېنىق، ئىخچام بۇيرۇقلار ئۇقۇشماسلىق ۋە قالايمىقانچىلىقنى ئازايتىدۇ.

پىلاننىڭ ئاددىيلىقى ھەر قاتلامدا تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ۋە رەھبەرلىك قىلىشقا شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ، شۇنداقلا تارماقلارنى ۋە كېيىنكى پىلانلارنى چۈشىنىش ۋە ئىجرا قىلىشنى تېخىمۇ ئاسانلاشتۇرىدۇ.

پرىنسىپلارنى خۇلاسىلەش

بۇ توققۇز پرىنسىپنى تۇنجى بولۇپ ئوچۇق ئىزاھلىغان ئەنگلىيەلىك ئوفىتسېر جون فۇلېر ئۇلارنى تىزگىنلەش، بېسىم ۋە قارشىلىقتىن ئىبارەت ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈشكە بولىدۇ، دەپ قارىغان.

ئەگەر بىز بۇ پرىنسىپلارنى ئۇرۇش مۇھىتىدىن ئاجرىتىپ، ئۇلارنى كىشىنى بازار قىلىدىغان رەقىبلەر ياكى جېدەلخور رىقابەتچىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئۇسۇلى دەپ قارىساق، ئۇلارنىڭ ئۇنىۋېرسال قوللىنىشچانلىقى تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ.

ئالدىمىزدىكى لېكسىيەلەردە كۆرىدىغىنىمىزدەك، بۇ پرىنسىپلار ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر قىلىش ھەمدە قالايمىقان ــ گاھىدا دۈشمەنلىككە تولغان ــ دۇنيانى مەلۇم دەرىجىدە كونترول قىلىش ئىرىشچانلىقىغا راۋۇرۇس تۆھپە قوشىدۇ.

تەۋسىيەلىك ئەسەرلەر

ئالگىر، «غالىبىيەت تەشنالىقى» (The Quest for Victory)

بۇسكرىك، «روبىرو ھۇجۇم» (Frontal Attack)

رايىس بىلەن تروۋت، «بازار ئېچىش ئۇرۇشى» (Marketing Warfare)

ئويلىنىشقا تېگىشلىك سوئاللار

1. فرانسۇزلارنىڭ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا يىلتىز تارتقان ھەربىي تەپەككۇر سەۋەبىدىن 1940-يىلى قانداق خاتالاشقانلىقىنى ئويلاڭ. ئوي-پىكىرلىرىڭىز سىز ھازىر دۇچ كەلگەن زامانىۋى خىرىسلارغا تەدبىقلىغىلى بولمايدىغان كونا كەچۈرمىشلەرنىڭ مەھسۇلىمۇ؟ ئوي-پىكىرلىرىڭىزگە قاراپ چىقىپ،

دۇنيانىڭ قانداق ئايلىنىدىغانلىقى ھەققىدىكى كۆز قارىشىڭىزنىڭ 21-ئەسىردىكى دىنامىكىغا ماس كېلىدىغان-كەلمەيدىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ بېقىڭ.

2. بۇ لېكسىيەدىكى توقۇنۇش پرىنسىپلىرى ھەققىدە ئويلىنىشتىن ئىلگىرى، ھازىر تەپەككۇرىڭىزغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان پرىنسىپلارغا سەممىي باھا بېرىڭ. بۇ پرىنسىپلار ئۇتۇقلۇقمۇ؟ ئۆزىڭىزنى خىزمەت، تەنتەربىيە ياكى شەخسىي ھاياتتا ھەرۋاقىت باشقىلارنىڭ ئارقىدا قالغاندەك ھېس قىلامسىز؟

3. خالىغان ئۈچ توقۇنۇش پرىنسىپىنى تاللاڭ ۋە ئۇلارنىڭ يېقىندا سىزگە قارشى ئىشلىتىلگەن-ئىشلىتىلمىگەنلىكىنى ئويلاڭ. سىز بۇ ئىستراتېگىيەلەرنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان بولۇشىڭىز ھەمدە ئازراق تەييارلىق قىلىش نەتىجىسىدە، بىخەتەرلىك پرىنسىپى ئارقىلىق ئۇلاردىن مۇداپىئەلىنىشىڭىز كېرەك.

4. خالىغان ئۈچ توقۇنۇش پرىنسىپىنى تاللاڭ ۋە ئۇلارنى كۈندىلىك تۇرمۇشىڭىزدا ئۇچرايدىغان ئەھۋالغا تەدبىقلاڭ. بۇ پرىنسىپلارنى قوللانسىڭىز، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرسىتىڭىزنىڭ ئاشىدىغان-ئاشمايدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىڭ.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

شى جىنپىڭنىڭ «ئىدىيە تازىلىشى» قانداق قىلىپ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى؟

مىكاھ مەككارتنىي

شى جىنپىڭنىڭ «ئىدىيە تازىلىشى» قانداق قىلىپ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى؟

مىكاھ ماككارتنېي

(ئامېرىكا نېۋزۋىك ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان)

شى جىنپىڭنىڭ بۆلگۈنچىلىك «كېسىلى»گە زەربە بېرىشى شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي ئەمەلدارلىرىنى مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان بۇ رايوندىكى ئامىنى ئىمكانقەدەر كۆپلەپ تۇتقۇن قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى، نەتىجىدە ئۇيغۇرلار ئىرقىي قىرغىنچىلىققا دۇچ كەلدى.

بىر پارچە يېڭى دوكلاتقا كۆرە، بۇ رايوندىكى ئەمەلدارلار، شى جىنپىڭنىڭ رەھىمسىز «ئىسلاھات» تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈمىدىدە باستۇرۇش سىياسىتىنى كۈچەيتتى. مەزكۇر باستۇرۇش سىياستى «ئىدىيەۋى تازىلاش»تىن ئەۋج ئېلىپ، «ئاشقۇنلۇققا قارشى تۇرۇش» نامىدا كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىش، قايتا تەربىيەلەش ۋە تۇغماس قىلىۋېتىش قىلمىشلىرىغىچە كېڭەيدى.

شەرقىي تۈركىستاندىكى ساقچى تارماقلىرى ۋە يەرلىك باشقا بىخەتەرلىك مەنبەلىرىدىن ئېرىشىلگەن ھۆججەتلەرنى ئاساس قىلغان بۇ دوكلات گېرمانىيەلىك ئىنسانشۇناس ئادرىيان زېنز تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان. ئادرىيان زېنز بۇ ساھەدىكى ئالدىنقى قاتاردىكى تەتقىقاتچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى تەتقىقاتلىرى 2017ـ يىلىدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاندا تەخمىنەن بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى يورۇتۇپ بەرگەنىدى.

بۇ تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرى شى جىنپىڭنىڭ بۆلگۈنچىلىك «كېسىلى» توغرىسىدىكى «رېتسىپ»لىرىدىن بىرىدۇر. ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە كۆرە، خىتاي «كەسپىي مائارىپ ۋە تەربىيەلەش مەركىزى» دەپ ئاتىۋالغان بۇ مۇئەسسەسەلەرگە قامالغان مەھبۇسلارغا پەقەتلا كۆكۈل بۆلۈنمىگەن، ئۇلار قىيىنـ قىستاققا ئېلىنغان، مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىلگەن ۋە باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولۇپ، پرېزىدېنت جوۋ بايدىن ۋە سابىق پرېزىدېنت دونالد ترامپ ھۆكۈمەتلىرى بىردەك ھالدا بۇ جىنايەتلەرنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ قارىدى. خىتاينىڭ ۋاشىنگتوندىكى باش ئەلچىخانىسىنىڭ باياناتچىسى بولسا بۇ يەرلەرنىڭ «مەكتەپ» ئىكەنلىكىنى ئېيتتى ھەمدە ئۇلارنى غەربنىڭ تېرورلۇققا قارشى تۇرۇش پروگراممىلىرىغا سېلىشتۇردى.

ئادرىيان زېنزغا كۆرە، شى جىنپىڭ 2014-يىلى «تېرورلۇققا قارشى خەلق ئۇرۇشى»نى ئېلان قىلىشتىن ئىلگىرىلا، ئاتالمىش «ئاشقۇنلۇق»قا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىگە زېمىن ھازىرلىنىپ بولغانىدى.

ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تېخىمۇ كەڭ نوپۇسنى نىشان قىلغان <ئاشقۇنلۇقنى يوقىتىش>نىڭ ئۇقۇم ئاساسى بەرپا قىلىندى؛ 2014-يىلىدىن 2016-يىلىغىچە، ئەمەلدارلار بارغانسېرى مەركەزلەشكەن «ئىدىيەۋى تازىلاش»مېخانىزمىنى سىناق قىلدى؛ ئاندىن 2017-يىلى، بۇ مېخانىزملار كېڭىيىپ، كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىگە ئايلاندى.»

ئاخىرقى نەتىجە شۇ بولدىكى، تۇتقۇنلار لاگېرلارغا سىغماي قالدى. «ئوقۇش يۇتتۇرگەنلەر» تەدرىجىي ھالدا يۇرتىغا قايتۇرۇلۇپ، يېقىندىن كۆزىتىلدى ياكى زاۋۇتلاردا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىندى، بۇ جەريان «مەركەز يېتەكچىلىك قىلغان، ئەمما يەرلىكتە ئېلىپ بېرىلغان سىياسەت تەجرىبىسى»نىڭ مەھسۇلى ئىدى.

ئادرىيان زېنز بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: 2000-يىللارنىڭ بېشىدا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان فالۇنگۇڭچىلارنى بىر تەرەپ قىلىش سىياسىتى، يەنى «رەسمىي تۈرمىگە قاماش بىلەن قانۇندىن ھالقىغان قايتا تەربىيەلەشنىڭ بىرىكمىسى» شەرقىي تۈركىستاندىكى «ئاشقۇن» دەپ قارالغان ئۇيغۇرلارنى يوقىتىش پىلانىغا ئاساس سالدى.

2012-يىلى، خىتاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستان شۆبىسىنىڭ شۇ چاغدىكى سېكرېتارى جاڭ چۈنشيەن بىر پارچە سىياسىي ھۆججەت چىقىرىپ، ئەمەلدارلارنى «قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر»گە زەربە بېرىش ۋە «دىنىي ئاشقۇن ئىدىيەلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشىنى چەكلەش» ھەرىكىتىدە، «ئالدى بىلەن سىناپ بېقىش»قا ۋە «دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىش»قا ئۈندىگەن.

2013-يىلى، داۋالغۇش ئىچىدىكى شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن بىر قاتار ئەجەللىك ھۇجۇملاردىن كېيىن، جاڭ چۈنشيەن «تېرورلۇققا قارشى خەلق ئۇرۇشى» قوزغالغانلىقىنى ئېلان قىلدى، بۇ ئىبارە كېيىنكى يىلى شى جىنپىڭ تەرىپىدىن قوللىنىلدى.

شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەدلىيە نازارىتىنىڭ پارتكوم ئەزاسى جاڭ جۈن (Zhang Zhun) 2015-يىلى ئۆكتەبىردە خىتايدىكى «سۇمرۇغ» قانىلىنىڭ مۇخبىرىغا ئۆز تەجرىبىسىگە بىنائەن، بۇ رايوندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئوتتۇز پىرسەنتىنىڭ «تەربىيەلەش ۋە يېتەكلەش»كە موھتاج ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.

ئۇنىڭ بىلجىرلىشىچە، (شەرقىي تۈركىستاندىكى) يەنە ئوتتۇز پىرسەنت كىشى «دىنىي ئاشقۇن كۈچلەر تەرىپىدىن بۇلغانغان»، ئەمما «ئومۇمىي مۇھىت»تا ئۆزگەرتىشكە بولاتتى. ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر جىنايەت سادىر قىلغان ياكى جىنايەت سادىر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە دەپ قارالغان بولۇپ، بۇلار قەتئىي مەغلۇپ قىلىنىشى كېرەك ئىدى.

كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش باشلىنىشتىن سەل بۇرۇن، جاڭ چۈنشيەنىڭ ئورنىنى ئالغان يېڭى پارتىيە سېكرېتارى چېن چۈەنگو شى جىنپىڭ بەلگىلىگەن نىشانغا يېتىش توغرىسىدا «سەپەرۋەرلىك يىغىنى» ئۆتكۈزدى.

چېن چۈەنگونىڭ سۆزى بايان قىلىنغان ئىچكى ھۆججەتتە، ئۇنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن پات ئارىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان باستۇرۇشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇۋاتقانلىقى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىگەن: (مەزكۇر باستۇرۇش جەريانىدا) «قەتئىي رەھىم قىلىش بولمايدۇ»، شەرقىي تۈركىستاندا چوقۇم «ھېچيەرنى چالا قويمايدىغان ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك»؛ بىخەتەرلىك قىسىملىرى «بارلىق رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش» داۋامىدا «ناھىيەمۇ ناھىيە، يېزامۇ يېزا، بازارمۇ بازار، كەنتمۇ كەنت» مېڭىشى كېرەك.

ئادرىيان زېنزنىڭ «شەرقىي تۈركىستان ساقچى ھۆججەتلىرى»نىڭ تەركىبىدىكى ئىچكى ھۆججەتلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئېيتىشىچە، شى جىنپىڭنىڭ بىۋاستە «مۇھىم يولىيورۇقى»دىن كېيىن، 2017-يىلى لاگېردىكى مەھبۇسلارنىڭ سانى «غايەت زور دەرىجىدە ئاشقان.» بۇنىڭغا قارىتا، يەرلىك ئەمەلدارلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەھبۇسلارنى سىغدۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ يېتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشكەن.

ھالبۇكى، كېيىنكى يىلى، يەرلىك ئەمەلدارلار ئۆزلىرىنىڭ شى جىنپىڭنىڭ يولىيورۇقىغا ئەمەل قىلغانلىقىنى نامايان قىلماقچى بولۇپ، جازا لاگېرلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ سانىنى زىيادە كۆپەيتىۋەتكەن.

بۇ ھەقتە، ئادرىيان زېنز مۇنداق دەپ يازىدۇ: 2018-يىلى، خىتاينىڭ جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرى جاۋ كېجى (赵克志) «قاتتىق زەربە بېرىش» ۋە «ئاشقۇنلۇقنى يوقىتىش» ھەرىكىتىنىڭ «مۇۋەپپەقىيىتى» نىڭ «مەھبۇس سانىنىڭ (تۇتۇپ تۇرۇش ئىقتىدارىدىن) ئېشىپ كېتىشى»نى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى تىلغا ئالغان.

ئادرىيان زېنز بۇنى شى جىنپىڭنىڭ «يۇقۇمنى نۆلگە چۈشۈرۈش» سىياسىتىنىڭ يەرلىكتىكى يولغا قويۇلۇشى بىلەن سېلىشتۇردى، ئەينى چاغدا شەھەرلىك ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتلەر ئۆز تەۋەسىدە ۋابا يامرىشىدىن ساقلىنىش جەھەتتە قاتتىق بېسىمغا دۇچ كەلگەنىدى.

ئادرىيان زېنز بۇ ھەقتە: «رىغبەتلەندۈرۈش قۇرۇلمىسى ھەددىدىن زىيادە ئىجرا قىلىنىشتىلدى» دېدى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بەك ئاز تۇتۇپ، بىخەتەرلىك ۋەقەسى سەۋەبلىك ئەيىبلەنگەندىن كۆرە، زىيادە كۆپ ئادەمنى تۇتقۇن قىلىپ، ئالاھىدە ئاكتىپ كۆرۈنگەن ياخشى ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ گۇۋاھلىقى

ئادرىيان زېنز دوكلاتىدا يەنە ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان بىر ئۇيغۇر ئەرنىڭ گۇۋاھلىقىنى ھەمبەھىرلىگەن بولۇپ، بۇ كىشى ئىلگىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ئاساسلىق تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ بىرىدە تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقاندا، خىتاي بۇ مەركەزلەرنى ئازايتىشقا ۋە مەھبۇسلارنى باشقا جايغا يۆتكەشكە باشلىغان.

بۇ ئەرنىڭ ئېيتىشىچە، 2019-يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، ئۇ تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدىكى ھەر بىر مەھبۇسنىڭ كەلگۈسى ئورۇنلاشتۇرمىسى توغرىسىدىكى ئىچكى جەدۋەلنى كۆرۈپ قالغان. ئۇنىڭ كومپيۇتېر سىستېمىسىدا مەشىق قىلىشى ئۈچۈن، ئاشۇ ئۇچۇرلار ساقلانغان ئۆيگە كىرىشكە ۋاقىتلىق رۇخسەت قىلىنغان.

مەزكۇر ئېلېكترونلۇق جەدۋەلدە كۆرسىتىلىشىچە، تەخمىنەن ئۈچتىن ئىككى قىسىم مەھبۇس لاگېرلاردىن باشقا ئورۇنلارغا قامىلىدىكەن. قالغان تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىسىم مەھبۇس «سانائەت باغچىلىرى»غا ئىشلەشكە ئەۋەتىلىدىكەن. قالغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئۆيگە قايتىپ، «نەزەربەندكە يېقىن شارائىت»تا ياشىشىغا رۇخسەت قىلىنىدىكەن.

كېيىن خىتاينىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇشقا مۇيەسسەر بولغان بۇ كىشى، تۇتۇپ تۇرۇش مەركىزىدىكى بىر نەپەر بىخەتەرلىك ئەمەلدارىنىڭ تۇتقۇنلارنى يۆتكەش جەريانىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەنلىكىنى ئېيتقان: «جامائەت خەۋپسىزلىكى تارمىقى، دۆلەت بىخەتەرلىك خادىملىرى ۋە ئەدلىيە تارماقلىرىنىڭ ھەممىسى ھەر بىر <تەربىيەلەنگۈچى>نىڭ ئارخىپىنى بىر-بىرلەپ كۆرۈۋاتىدۇ. ئۆيگە قايتىشى كېرەك بولغانلار چوقۇم ئۆيگە قايتىشى كېرەك، جازاغا لايىقلارغا چوقۇم جازا بېرىلىشى كېرەك ... شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەممە يېرىدە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش <مەكتەپلەر> بار.»

نومۇستىن نېسۋىسى يوق خىتاي دائىرىلىرى بۇ خىل ئەيىبلەشلەرنى ئىزچىل رەت قىلىپ كەلدى.

خىتاينىڭ ۋاشىڭتوندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ باياناتچىسى ليۇ پېڭيۇ (Liu Pengyu) بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «شەرقىي تۈركىستاندا ئاتالمىش <قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى> يوق. شەرقىي تۈركىستاندا قانۇن بويىچە قۇرۇلغان كەسپىي مائارىپ ۋە تەربىيەلەش مەركەزلىرى مەكتەپلەردۇر.»

ئۇ مەزكۇر مۇئەسسەسەلەرنىڭ غەربتىكى «ئەسلىگە كەلتۈرۈش» (rehabilitation) ئۇرۇنۇشلىرىدىن، جۈملىدىن ئامېرىكادىكى مەھەللىلەرنى تۈزەش پروگراممىلىرى (community correction initiatives)، ئەنگلىيەدىكى «ۋاز كەچتۈرۈش ۋە ئاجرىتىش پروگراممىسى» (Desistance and Disengagement Programme) ۋە فرانسىيەدىكى «ئاشقۇنلۇقنى تۈگىتىش» مەركەزلىرى قاتارلىقلاردىن پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ليۇ پېكيۇگە كۆرە، بۇ مۇئەسسەسەلەر تەسىس قىلىنغاندىن بۇيان، «ئاشقۇنلۇق ئۇنۇملۇك تىزگىنلەنگەن، ئاممىۋى بىخەتەرلىك كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغان، كىشىلەرنىڭ بەخت تۇيغۇسى كۈچەيگەن.»

ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ باياناتچىسى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «بىز شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە يەرلىك باشقا مىللەتلەرگە ھەمدە دىنىي گۇرۇپپىلارغا ۋەدە قىلغىنىمىزدەك، شېرىكلىرىمىز ۋە ئىتتىپاقداشلىرىمىز بىلەن داۋاملىق ھەمكارلىشىپ، مەجبۇرىي ئەمگەك، داۋام قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەر ئۈچۈن خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنى جاۋابكارلىققا تارتىشنى ئىلگىرى سۈرىمىز.»

مەزكۇر باياناتچى بايدىن ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىگە قارىتا قوللانغان تەدبىرلىرىنى، جۈملىدىن ئىمپورت ۋە ۋىزا چەكلىمىسى، سودا ئاگاھلاندۇرۇشى، توختىتىش بۇيرۇقى قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.newsweek.com/xi-china-repression-uyghurs-xinjiang-1871161

مىسلىسىز ئويغىنىش
ئۆزىنى تىزگىنلەش بىمەنىلىكمۇ؟
توماس كاموررو

ئۆزىنى تىزگىنلەش بىمەنىلىكمۇ؟

توماس كامورو

ئۆز-ئۆزىنى تىزگىنلەش، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىستراتېگىيەلىك نىشان ئۈچۈن ئىچكى ھاياجاننى يېڭىش ياكى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارى ئۇزۇندىن بۇيان كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدىغان ساپا دەپ قارىلىپ كەلگەنىدى.

مەسىلەن، كۇڭزىغا كۆرە، شەخسلەر ئۆزىنىڭ ئارزۇ-ھېسسىياتلىرىغا چەك قويۇپ، ئۆزىنى كونترول قىلىشنى ئەخلاقىي قىلمىشنىڭ ئاساسى دەپ قارىغاندىلا، ئاندىن ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلالايدۇ. سوقراتنىڭ قارىشىچە، پەقەت دانا، باتۇر ۋە ئادىل كىشىلەرلا — ئۇنىڭ نەزىرىدە پەزىلەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى شەكلى دەپ قارالغان — «ئۆزىنى كونترول قىلىش» سەنئىتىنى ئىگىلەشكە مۇۋەپپەق بولالايدۇ. ھاننا ئارېندقا ئوخشاش نۇرغۇن زامانىۋى پەيلاسوپلار ھەرىكەتكە ئۆتۈشتىن ئىلگىرىكى تەپەككۇرنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە ئاممىۋى ساھەدە ئۆزىنى كونترول قىلىشنىڭ بىر خىل شەكلى دەپ قاراشقا بولىدىغان، ئەركىنلىكتىن مەنبەلىنىدىغان شەخسىي مەسئۇلىيەتنى تەكىتلەشكەن.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن، زامانىۋى «كەسىپىي ئۆگۈت»لەر ئۆز-ئۆزىنى تىزگىنلەشنىڭ ئەھمىيىتىنى سۇسلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغان سەپسەتىلەر بىلەن تولغان. بولۇپمۇ، مودا بولۇۋاتقان «چىنلىق» ئۇقۇملىرى بىزنى ھاياجىنىمىزنى چەكلىمىسىز ھالدا نامايەن قىلىشقا ئۈندەيدۇ («قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قىزغىنلىقىڭىزغا ئەگىشىڭ» دېگەندەك) ھەمدە بىزنى ئەقىلنى ئەمەس، بەلكى ھېسسىياتنى ئاساس قىلىپ ھەرىكەت قىلىشقا تەرغىب قىلىدۇ («ھەمىشە قەلبىڭىزگە قۇلاق سېلىڭ» دېگەندەك). شۇنداقلا، بىزنى ئۆزىمىز ياكى باشقىلار تەرىپىدىن قويۇلغان چەكلىمىلەرگە پەرۋا قىلماسلىققا ئۈندەيدۇ («باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشىگە پەرۋا قىلماڭ!» دېگەندەك).

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۈگۈنكى مودا بولغان «كەسىپىي ئۆگۈت»لەرنىڭ كۆپىنچىسى بىزنى ئازادىلىككە ئېرىشتۈرۈش، ئېقىنغا ئەگىشىپ ماڭغۇزۇش ھەمدە خىجىللىق ۋە گۇناھكارلىق تۇيغۇلىرىدىن «قۇتۇلدۇرۇش» ئۈچۈن، بىزنىڭ «ئۈستى ئۆزلۈك»ىمىزنى (superego — كاللىنىڭ كىشىگە ھەق-

ناھەقنى تونۇتىدىغان ۋە خاتا ئىش قىلغاندا، ئۆزىنى گۇناھكار ھېس قىلدۇرىدىغان قىسمى، ت) سۇسلاشتۇرۇشقا، باشقىلار بىلەن مۇرەسسەلىشىش جەھەتتىكى ئىجتىمائىي بېسىمنى يوقىتىشقا ئۇرۇنىدۇ.

لېكىن، ئىلمىي پاكىتلار ئۆز-ئۆزىنى تىزگىنلەشنىڭ خىزمەتكىلا ئەمەس، تۇرمۇشنىڭ باشقا ساھەلىرىگىمۇ نۇرغۇن پايدىلىرى بارلىقىنى ئىسپاتلىدى. ھەممىدىن بەك دىققەتنى تارتىدىغىنى شۇكى، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، ئۆز-ئۆزىنى تىزگىنلەش سەۋىيەسى يۇقىرى باللار ئوقۇش ھاياتىدا تېخىمۇ يۇقىرى مائارىپ ئۇنۋانىغا، جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن بولسا تېخىمۇ مۇرەككەپ، كىرىمى يۇقىرى خىزمەتلەرگە ئېرىشىدىكەن.

ۋاقىتلىق ئېزىقتۇرۇشلارغا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۆز-ئۆزىنى تىزگىنلەشلا ئەمەس، بەلكى يەنە قەيسەرلىك — تېخىمۇ يۇقىرى قاتلامدىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك نىشانىنى بوشاشماستىن قوغلىشىش — قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ كەسپىي مۇۋەپپەقىيىتىنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

بۇ قاراش يۈزلىگەن ئىلمىي تەتقىقات بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولۇپ، بۇ تەتقىقاتلار مەسئۇلىيەتچانلىقنىڭ (بۇ ئۆز-ئۆزىنى تىزگىنلەش، ئۆزىگە چەك قويۇش ۋە ئۆزىنى باشقۇرۇش خاھىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مىجەز ئالاھىدىلىكىدۇر) مائارىپ ۋە كەسىپ نەتىجىسىگە ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى، ھەتتا نىسبەتەن تۆۋەن ئۆگىنىش ئىقتىدارىدىن شەكىللەنگەن يېتەرسىزلىكنىڭ ئورنىنى تولدۇرالايدىغانلىقىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

خىزمەتنىڭ سىرتىدا، ئۆزىنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى تېخىمۇ چىدامچان، قەيسەر ۋە تىرىشچان مېتودقا ۋەكىللىك قىلىدىغان، شۇنداقلا پايدىسىز، ئارزۇ قىلىنمايدىغان ۋە ئۆزىنى ھالاك قىلىدىغان قىلمىشلاردىن ساقلىنىدىغان بۇ خىل خاراكتېر خاھىشى ئەندىزىسى (pattern of character disposition) رومانتىك مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەمنۇنىيەتلىك نىكاھتىن روھىي ۋە جىسمانىي ساغلاملىقىچە بولغان نۇرغۇن غايىۋى تۇرمۇش نەتىجىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆز-ئۆزىنى تىزگىنلەشنىڭ پايدىسى شەخسلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ قۇرداشلىرى، خىزمەتداشلىرى ۋە جەمئىيەتكىمۇ پايدىلىقتۇر. ھەممىدىن مۇھىمى، تېخىمۇ ئەستايىدىل، ئۆز-ئۆزىنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان شەخسلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى گۇرۇپپىلار بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھەمكارلىشىپ، باشقا گۇرۇپپىلاردىن ئېشىپ، تېخىمۇ كۈچلۈك جۇشقۇنلۇقتىن ۋە خىزمەت مەمنۇنىيىتىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

بۇنىڭ ئەكسىچە، بىر گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە ئۆز-ئۆزىنى تىزگىنلەش سەۋىيەسى تۆۋەن بولغاندا، زىيانلىق، بۇزغۇنچى ۋە كىشىنى بىزار قىلىدىغان قىلمىشلارنىڭ ئومۇملىشىشى كۆرۈنەرلىك ئېشىپ، كۆپچىلىككە تەڭ زىيان سالىدۇ. گەرچە ئىجتىمائىي نىزام، قائىدە-

يوسۇن ۋە ئەخلاق جەھەتلەردە ھەرۋاقىت كۇلتۇر پەرقى مەۋجۇت بولسىمۇ، تېخىمۇ چوڭ كوللېكتىپ مەنپەئەت ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاش پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق ئەخلاقىي خۇسۇسىيەتتۇر.

تېخىمۇ شەخسىيەتسىز، باشقىلارنى مەركەز قىلغان، ھېسداشلىقىقا ئىگە شەخسلەردىن تەركىب تاپقان گۇرۇپپىلارنىڭ، شەخسىيەتچى ئىچكى رىقابەتلەر نورمال ھالەتكە ئايلانغان ھەمدە شۇنىڭدىن مەنبەلەنگەن باشقىلارنىڭ چاپىنىدا تەرلەيدىغان پارازىتلىق قىلمىشى سەۋەبلىك ئىناقلىقى ۋە ھەمكارلىقى بۇزۇلغان گۇرۇپپىلاردىن ئېشىپ كېتىشى ئۇمىدلىكتۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىزنى باشقىلار بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان ئۆلچەم ۋە گۇرۇپپا قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلالماسلىقىمىزنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان «ئۆز-ئۆزىنى تىزگىنلەش سالمىقىنىڭ يېتەرسىزلىكى» نورمال ھالەت ئەمەس، قىسمەن ھادىسە بولۇشى كېرەك.

ئۆز-ئۆزىنى تىزگىنلەش رەڭدار ۋە سىغدۇرۇشچان گۇرۇپپا ۋە تەشكىلاتلارنى قۇرۇشتىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. پائۇل بلۇمنىڭ (Paul Bloom) كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، بىز (سىنىپ، ئىرق، جىنس، ياش ۋە مىللىي كېلىپ چىقىش جەھەتتە) ئۆزىمىزدىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان كىشىلەرگە دەسلەپتىلا ھېسداشلىق قىلىپ بولالمايمىز، ئەنە شۇ ۋەجىدىن، بىز كۇلتۇر ياكى نوپۇس جەھەتتىن بىزگە يېقىن بولغان كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتىنى — مەيلى ئىجابىي ياكى سەلبىي بولسۇن — ھەممىشە بەكرەك ھېس قىلالىشىمىز مۇمكىن.

بىز شۇنچىكى ئىرادە ۋە ئۆز-ئۆزىمىزنى تىزگىنلەش ئارقىلىقلا، كەڭ قورساقلىق ۋە ئاقىلانە كۆيۈمچانلىقنى نامايەن قىلىشنى ئۆگىنەۋالالايمىز، بۇ ئارقىلىق بىز بىلەن ئورتاقلىقى يوقتەك كۆرۈنگەن كىشىلەرگە، ھەتتا بىزگە تۈپتىن قارشى نۇقتىئىينەزەر ۋە قىممەت قارىشىغا ئىگە بولغانلارغىمۇ كۆيۈنەلەيمىز.

ھالبۇكى، ئۆز-ئۆزىنى تىزگىنلەشنىڭمۇ چېكى بار. ھەر قانداق نەرسىگە ئوخشاش، ئۇمۇ مۇۋاپىق بولغاندا، ئاندىن ئەڭ پايدىلىق بولىدۇ. بىزنىڭ ئۆزىمىزنى تىزگىنلەش ئىقتىدارىمىز چەكلىك، بىز بۇ روھىي «مۇسكۇل»نى قانچە بەك چېنىقتۇرساق، ئۇ شۇنچە بەك خورايدۇ. مەسىلەن، ئەگەر سىز شېكەرلىك يېمەك-ئىچمەكلەردىن قاتتىق ساقلىنىۋاتقان بولسىڭىز، توردا مال سېتىۋېلىش ياكى (ئۆزىڭىزنى ئەدەپلىك بولۇشقا مەجبۇرلاشنىڭ ئورنىغا) ئۆزىڭىز بىزار بولغان خىزمەتدىشىڭىز بىلەن جېدەللىشىش ئىستىكىگە قارشى تۇرۇشقا ماجالىڭىز قالمايدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، سىز ئۆزىڭىزنى تىزگىنلەش مەشىقىنى قانچە ئاز قىلسىڭىز، ئۆزىڭىزنى تىزگىنلەش ئىقتىدارىڭىزنى جارى قىلدۇرۇش جەھەتتىكى ئېنېرگىيەڭىز شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

شۇنىسى تەبىئىيكى، تەتقىقاتلاردا ئىسپاتلىنىشىچە، خاراكتېر جەھەتتە چېكىدىن ئاشقان دەرىجىدە ئۆز-ئۆزىنى تىزگىنلەش مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك، باشقىلارغا ئىش ئۆگىتىشكە مايىل قالايمىقان

قىلمىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بۇ روھىي ۋە جىسمانىي ساغلاملىقنى زىيانغا ئۇچرىتىپلا قالماي، يەنە باشقىلار بىلەن ئاكتىپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئورنىتىش ۋە قوغداش ئىقتىدارىمىزنىمۇ ئاجىزلىتىدۇ.

بەلكىم سىز مەجبۇرلاش خاھىشىغا ئىگە پىلانلىغۇچى بىلەن ساياھەت قىلىش ياكى Excel ئېلېكترونلۇق جەدۋىلىدەك (پەۋقۇلئاددە «مۇنتىزىم» ۋە «تەرتىپلىك») ئۇسلۇبتا ساياھەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم بىلەن بىللە تەتىل ئۆتكۈزۈش كەچمىشىگە ئىگە بولۇشىڭىز مۇمكىن. يەنە شۇنىڭدەك، ئۆزىنى قاتتىق تىزگىنلەيدىغان خوجايىنلار ئىجادچانلىقنى، يېڭىلىق يارىتىشقا ۋە دادىل سىناپ بېقىشقا توسالغۇ بولىدىغان قاتمال، زىيادە قۇرۇلمىلاشقان ۋە تىزگىنلەش تىپىدىكى ئۇسلۇبنى قوللىنىشى مۇمكىن.

كىشىنى ئەڭ ئەندىشىگە سالىدىغىنى، ھەددىدىن زىيادە يۇقىرى دەرىجىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىق خاھىشى ئۆز-ئۆزىنى تىزگىنلەشكىلا ئەمەس، بەلكى — ئەخلاقتا ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر — قائىدە، نوپۇز ۋە مەۋجۇت ھالەتكە قارىغۇلارچە ماسلىشىش ۋە ئىتائەت قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. بىزنىڭ تەرتىپ، قۇرۇلما ۋە مۆلچەرلىنىشچانلىققا بولغان ئارزۇيىمىز مۇستەبىت رەھبەرلەر تەرىپىدىن سۇيىئىستېمال قىلىنغاندا، ئۇ ھەمىشە شەخسكە چوقۇنۇش دولقۇنىنىڭ، ناقابىل خەلقچى ھاكىمىيەتنىڭ ۋە فاشىزىمنىڭ كۈچىيىشىگە ھەسسە قوشىدۇ.

ئوتتۇراھال دەرىجىدە ئۆز-ئۆزىنى تىزگىنلەش جانلىقلىقنى ئاشۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىنتىزامنى ئىلگىرى سۈرىدىغان تەڭپۇڭلۇقنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ، بۇ شەخسلەرنى ھەددىدىن زىيادە ئۆزىنى كونترول قىلىش تەلەپ قىلىنىدىغان قاتماللىقلارغا باش ئەگمەي، ئۆز نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ خىل تەڭپۇڭلۇق روھىي ساغلاملىقنى ئەڭ ياخشى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ ھاياتنىڭ مۆلچەرلىنىلمەسلىك خۇسۇسىيىتىگە ۋە ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي ھالدا ئاندا-ساندا (ئەمما، ھالال، ساغلام دائىرىدە) ئۆزىنى قويۇۋېتىشكە بولغان ئېھتىياجىغا ئۇيغۇندۇر.

بۇنىڭ ئەكسىچە، ھەددىدىن زىيادە ئۆز-ئۆزىنى تىزگىنلەش بېسىمىغا، ھارغىنلىققا ۋە ھاياتنىڭ ھۇزۇرىنى ھېس قىلىش ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىشىگە سەۋەب بولىدۇ. شۇڭلاشقا، ھايات (ۋە خىزمەت) مۇۋاپىق ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۆزىنى باشقۇرۇش بىلەن ئۆزىگە زىيادە قاتتىق تەلەپ قويۇۋالماسلىق ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق دەپ قارالسا ئەڭ توغرا بولىدۇ.

بەزى ئىشلارنىڭ ئۆز كونتروللۇقىڭىزدىن ھالقىپ كەتكەنلىكىنى تونۇپ يېتىش ھەر ۋاقىت — بولۇپمۇ ھەددىدىن زىيادە ئۆزىڭىزنى تىزگىنلەش خاھىشىڭىزنىڭ سىز كونترول قىلماقچى بولغان ئەمەلىي مەسىلىگە قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ مەسىلىگە ئايلىنىپ كېتىشىدىن ساقلىنىشنى ئويلىغىنىڭىزدا — پايدىلىقتۇر.

خۇددى بىر دانىشمەننىڭ ئېيتقىنىدەك: «قويۇپ بېرىش بىزنى ئەركىنلىككە ئىگە قىلىدۇ، ئەركىنلىك خۇشاللىقنىڭ ئەڭ يادرولۇق شەرتلىرىدىندۇر. ئەگەر قەلبىمىز ئاچچىقلىنىش، تەشۋىشلىنىش ياكى مال-مۈلۈك دېگەندەك ھەر قانداق دۇنياۋى شەيئىگە باغلىنىپ قالسا، بىز ئەركىن بولالمايمىز.»

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.fastcompany.com/91031104/be_yourself_and_follow_your_heart_is_bs_career_advice_this_one_thing_can_help_you_succeed_according_to_science

غەرب شىركەتلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنىش پۇرسىتى

پيگي خوللىنگېر

غەرب شىركەتلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن چېكىنىش پۇرسىتى

پېگگي ھولىنگېر

(بۇ ماقالە «پۇل مۇئامىلە ۋاقىت گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان)

ئون يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى، ۋولكسۋاگېن شىركىتى خىتايدىكى ھەمراھى SAIC شىركىتى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا زاۋۇت قۇرۇشنى قارار قىلغاندا، ئاساسلىق نىشانى يەرلىك بازاردا ماشىنا سېتىش ئەمەس ئىدى. مەزكۇر زاۋۇتقا مۇناسىۋەتلىك مۇزاكىرىلەردىن خەۋەردار كىشىنىڭ ماڭا ئېيتقىنىدەك، بۇ ۋولكسۋاگېننىڭ گۇاڭدوڭدىكى كېڭىيىش پىلانىنىڭ تەستىقلىنىشى ئۈچۈن 170 مىليون ياۋرو مەبلەغ سېلىشنى تەلەپ قىلغان خىتاي دائىرىلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۇرۇنۇشى ئىدى.

ئەمدىلىكتە ۋولكسۋاگېن شىركىتى سىياسەتنىڭ ئۆرتكىسىدە سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئۆزىنى غايەت زور پۇل مۇئامىلە ۋە ئىناۋەت خەۋپىگە دۇچار قىلىدىغانلىقىنى ئېچىنىشلىق رەۋىشتە تونۇپ يەتمەكتە. تاراتقۇلاردا ۋولكسۋاگېن شىركىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا سىناق يولى ياساشتا مەجبۇرىي ئەمگەكتىن پايدىلانغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر تارقالغاندىن كېيىن، گېرمانىيە بىرلەشمە مەبلەغ سېلىش چەكلىك شىركىتى ۋولكسۋاگېننى ئۆزىنىڭ سىجىل فوندىدىن چەكلىگەن.

مەجبۇرىي ئەمگەك خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارغا ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك باشقا مىللەتلەرگە قاراتقان زۇلمىنىڭ بىر خۇسۇسىيىتى بولۇپ كەلدى. كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ مۆلچەرلىشىچە، بىر قانچە يىل ئىچىدە، شەرقىي تۈركىستاندا بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمانلار قولغا ئېلىنغان؛ مىڭلىغان كىشىلەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىرتىدىكى (يەنى خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى) ــ بەزىلىرى يەر شارىۋى داڭلىق ماركىلارنى مەھسۇلات بىلەن تەمىنلەيدىغان ــ زاۋۇتلاردا ئىشلەشكە يۆتكەلگەن.

«Handelsblat» گېزىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى سىناق يولى توغرىسىدىكى ئەيىبلەشلەرنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ۋولكسۋاگېن شىركىتى ئۆزىنىڭ بۇ يەردىكى ھەمكارلىقىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە تەكشۈرۈپ ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئېلان قىلغان. ۋولكسۋاگېننىڭ بۇ تەكشۈرۈشى BASF شىركىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە چېتىشلىق ئىكەنلىكى بىلەن ئەيىبلەنگەن ئىككى خىمىيەلىك زاۋۇتتىكى پېيىنى ساتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان.

كۆپ يىللاردىن بۇيان خىتاي دائىرىلىرىنىڭ غەزىپىنى قوزغاشتىن ئەنسىرەپ مەبلەغ چېكىندۈرگىلى ئۇنىمىغان گېرمانىيەدىكى ئىككى چوڭ سانائەت شىركىتىنىڭ ئەمدىلىكتە (خىتاي دائىرىلىرىدىن كېلىدىغان) سىياسىي ئېتىرازلارغا قارىماستىن، خىتايغا مەبلەغ سېلىشنىڭ كېلەچەكتە بولغان گۇمانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى تاسادىپىيلىقمۇ؟

خىتايدا ئىشلەش تەجرىبىسى مول بىر قىسىم كىشىلەرگە كۆرە، بۇ خىل ئېھتىماللىق يوقنىڭ ئورنىدا. ھەر ئىككى شىركەتنىڭ كونكرېت سەۋەبلىرى بار، ئەمما بۇ يەنىلا خىتايدىكى ھۇزۇرسىز مەبلەغ مۇھىتىدىن چېكىنىپ چىقىشتىكى ــ ھېچ بولمىغاندا يەنىلا خىتايغا بولغان ۋەدىسىنى ئاشكارا نامايان قىلىشۋاتقانلار ئۈچۈن ــ ئاز ئۇچرايدىغان پۇرسەت كۆزنىكى بولۇشى مۇمكىن.

بۇ ھەپتە، خىتاي دائىرىلىرى ئۆزىنىڭ 2023-يىلى جەلپ قىلغان بىۋاستە چەتئەل مەبلىغىنىڭ ئوتتۇز يىلدىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيەگە چۈشكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. ئامېرىكا بىلەن بولغان سودا جىددىيلىكى، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنىڭ ئاستىلىشى، داۋاملىشىۋاتقان تۇرالغۇ كرىزىسى ۋە سانائەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنىڭ ئېشىپ كېتىشى سەۋەبىدىن، مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ئەنسىزچىسى تەۋرىدى. بۇنىڭغا قارىتا، خىتاي ھۆكۈمىتى چەتئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلارنى قايتا جەلپ قىلىش ئارقىلىق ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئۈمىد قىلماقتا.

خىتاي ئاقىللار ئامبىرى Merrickx نىڭ باش ئىقتىسادشۇناسى ماكس زېڭلېين (Max Zenglein) مۇنداق دېدى: شۇڭا خىتاينىڭ ئىككى چوڭ چەتئەللىك مەبلەغ سالغۇچىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئازغىنە مەبلىغىنى كۆزدىن كەچۈرگەنلىكى ياكى ساتقانلىقى ئۈچۈن جازالىشى خاتا سىگنال بولۇپ قالىدۇ. ۋولكسۋاگېن شىركىتى خىتاينىڭ توكلۇق ئاپتوموبىل ساھەسىگە بەش مىليارد ياۋرو مەبلەغ سالغان، BASF شىركىتى بولسا ئەڭ ئىلغار خىمىيەلىك زاۋۇت قۇرۇش ئۈچۈن ئون مىليارد ياۋرو مەبلەغ سېلىۋاتىدۇ.

زېڭلېين يەنە مۇنداق دېدى: «ھازىر (شەرقىي تۈركىستاندىن) چېكىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتىدۇر. بۇ شىركەتلەرنىڭ ‹شەرقىي تۈركىستاندا مەسىلە يوق› دەپ جۆيلۈشكە خاتىمە بېرىدىغان پۇرسىتىدۇر.»

خىتايدا يىگىرمە نەچچە يىل ياشىغان ۋە خىزمەت قىلغان بىر باشقۇرغۇچىمۇ ھازىر ئەڭ كەمدە ۋولكسۋاگېن ۋە BASF ئۈچۈن مۇۋاپىق پەيت، دەپ قارايدۇ. «خىتاي چەتئەل مەبلىغىگە موھتاج. ئەمەلدارلار ئىقتىسادىي خىرىسنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈپ يەتتى ... ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ھەممە ئادەم مەبلەغ چېكىندۈرۈۋاتقاندا، (ۋولكسۋاگېن ۋە BASF قا ئوخشاش) ھېلىھەم خىتايغا مەبلەغ سېلىۋاتقانلارنى جازالاشنى خالامسىز؟» دەيدۇ ئۇ.

ئۇنىڭغا كۆرە، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ پاكىز (يەنى مەجبۇرىي ئەمگەك ۋە باشقا كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىدىن خالىي) بولۇشىنى تەلەپ قىلىدىغان غەرب بەلگىلىمىلىرىنىڭ تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغانلىقى ئېنىق. (مال مەنبەسىگە قارىتا) ئىز قوغلاشقا كاپالەتلىك قىلىش دۇنيانىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا ناھايىتى تاس، خىتايدا تېخىمۇ شۇنداق. ۋولكسۋاگېن بۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى ئېغىر بەدەل تۆلىدى. بۇ شىركەتنىڭ مىڭلىغان ئاپتوموبىللىرى ئامېرىكا تاموژنىسىدا تۇتۇپ قېلىندى، چۈنكى ئۇ ئۆزىمۇ تۇيماستىن ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان، يەنى ئۇنىڭ كىچىك تەمىنلىگۈچىلىرىدىن بىرى شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن كىچىك زاپچاسلارنى ئىشلەتكەنىدى.

گېرمانىيەدىمۇ (مەجبۇرىي ئەمگەكنى چەكلەيدىغان) يېڭى تەمىنلەش زەنجىرى قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغان شىركەتلەرگە شۇ شىركەتلەرنىڭ ئومۇمىي يەر شارى ئوبوروتىنىڭ ئىككى پىرسەنتىگە باراۋەر كەلگۈدەك جەرىمانە قويۇلىدۇ.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى توغرىسىدىكى ئەيىبلەشلەرنى قەتئىي رەت قىلىشى مۇمكىن. ئەمما، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە چەتئەل مەبلىغىگە موھتاج. بەلكىم بۇ ۋولكسۋاگېن ۋە BASF شىركىتىنىڭ سىياسى ئېتىرازدىن خالىي ھالدا شەرقىي تۈركىستاندىن «قېچىپ چىقالايدىغانلىقى»دىن دېرەك بېرىشى مۇمكىن. ئەگەر شۇنداق بولسا، بۇ ئۇلارنىڭ پايچېكلىرىغا نىسبەتەن ياخشى ئىش ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەنە باشقا شىركەتلەرنىڭمۇ مەزكۇر رايوندىن تېزرەك چېكىنىشىگە ئىلھام بېرىشى مۇمكىن. ئەمما، بۇ ئىككى داڭلىق شىركەتنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن ئايرىلىشى شەرقىي تۈركىستاندىكى خەلقئارالىق خىزمەت شارائىتىنىڭ ۋە سودا پائالىيەتلىرىگە قارىتىلغان تەكشۈرۈشلەرنىڭ ئازىيىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. مەزكۇر باشقۇرغۇچى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ماڭا بەك قورقۇنچلۇق تۇيۇلىدۇ. ئەمدى ھېچكىمنىڭ بۇ يەردە (يەنى شەرقىي تۈركىستاندا) مەجبۇرىي ئەمگەك بار-يوقلۇقى بىلەن كارى بولمايدۇ.»

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.ft.com/content/02b0d782-4393-4926-9fb3-14f45f03ad2c

ئەسلىگە كېلىش ئىقتىدارىڭىزنى جارى قىلدۇرۇشىڭىز ئۈچۈن يەتتە خىل چارە

سۇسان كراۋس ۋايتبورنى

ئەسلىگە كېلىش ئىقتىدارىڭىزنى جارىي قىلدۇرۇشىڭىز

ئۈچۈن يەتتە خىل چارە

دوكتور سۇسان كراۋس ۋايتبورنى

ئاچقۇچلۇق نۇقتىلار

يېڭى بىر تەتقىقاتتا، بېسىمغا يۈزلىنىش ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىم بولغان يەتتە ئامىل ھەمدە پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئىستراتېگىيەلەر كۆرسىتىلگەن.

ئۆزىڭىزگە ياردەم بېرىشتىن سىرت، «ئەسلىگە كېلىش ئىقتىدارى» ئۆز نۆۋىتىدە يەنە قىيىن ئىشلارغا دۇچ كېلىۋاتقان كىشىلەرگە ياردەم بېرىشتىنمۇ دېرەك بېرەلەيدۇ.

روھىي ساغلاملىقنى چۈشىنىشتە، بولۇپمۇ جاسارىتىڭىزنى سىنايدىغان پەيتلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقاندا، ئەسلىگە كېلىش ئىقتىدارى (resilience ــ روھىي زەربە ياكى جىسمانىي يارىلىنىش قاتارلىق كۆڭۈلسىز ئەھۋاللاردىن كېيىن تېز سۈرئەتتە ياخشىلىنىش ئىقتىدارى، ت) ئۇقۇمى ئىنتايىن مۇھىم. «ئەسلىگە كېلىش ئىقتىدارى» ئاكتىپ پسىخولوگىيەدىكى مودا نۇقتىئىينەزەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى چۈشىنىش يەنىلا بىر قەدەر قىيىن، بولۇپمۇ ھەر بىر ئادەمنىڭ بېسىمغا بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىدا غايەت زور پەرق مەۋجۇتلۇقىنى نەزەردە تۇتقاندا تېخىمۇ شۇنداق. ئەھۋاللارنىڭ خاراكتېرى ۋە ۋەزىن جەھەتتە پەرقلىنىدىغانلىقى بۇ مەسىلىدىن باشقا يەنە بىر رېئاللىقتۇر.

بەزى دوستلىرىڭىز ياكى خىزمەتداشلىرىڭىزنىڭ مەسىلىلەرگە ــ قارىماققا قانچىلىك ئېغىر كۆرۈنۈشىدىن قەتئىينەزەر ــ دادىل يۈزلىنىشىگە ھەيران قېلىشىڭىز مۇمكىن. دەرۋەقە، بەزىدە ئۇلارمۇ ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان ئەرمەك ھايۋانلىرىنى (قېرىلىق ياكى كېسەل سەۋەبىدىن) دورا بېرىپ ئۆلتۈرۈۋېتىش دېگەندەك كۆڭۈلسىز كەچۈرمىشلەردىن كېيىن قاقشاپ قويۇشى ياكى ئۈمىدسىزلەنگەندەك كۆرۈنۈشى مۇمكىن. شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە كۈننىڭ تەسكە توختىشى ئېنىق، ئەمما شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىپ كېلەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئۆزگىچە ئەسلىگە كېلىش ئىقتىدارىنىڭ مەنبەسى زادى نېمە؟

سىناي تېغى دوختۇرخانىسىنىڭ تېببىي ئىنستىتۇتىدىكى جوناسان دېپىيېرو (Jonathan DePierro) باشچىلىقىدىكى يېڭى تەتقىقاتقا (2024) كۆرە، ئەسلىگە كېلىش ئىقتىدارىغا «ئازابقا تاقابىل تۇرۇش،

<قاڭقىپ كېلىش>، ماسلىشىش، ئەسلىگە كېلىش، ھەتتا قىيىنچىلىقتىن كېيىن ياكى قىيىنچىلىق ئىچىدە <قايتا راۋاجلىنىش> ئىقتىدارى» دەپ ئېنىقلىما بېرىشكە بولىدۇ. ئاپتورلارنىڭ نەزىرىدىكى مۇھىم سوئال شۇكى، ئەسلىگە كېلىش ئىقتىدارىنى شەخسنىڭ خاراكتېرىنىڭ مۇقىم ئالاھىدىلىكى دەپ قاراش مۇۋاپىقمۇ؟ ياكى ئۇ كىشىلەر باشتىن كەچۈرگەن جەريانمۇ؟ ۋەياكى ئۇ بىر نەتىجە بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

مەزكۇر تەتقىقاتنىڭ مەقسىتى مەۋجۇت سىناقلاردىكى بەزى چەكلىمىلىكلەرنى يېڭىلەيدىغان ھەممە ھەر خىل بېسىم تەجرىبىلىرىگە ئىشلىتىشكە بولىدىغان، «ئەسلىگە كېلىش ئىقتىدارى»نى ئۆلچەشنىڭ يېڭى ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئىدى. تەتقىقاتچىلار مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۆتكەن يىگىرمە يىلدا يۈز بەرگەن بىر قاتار چوڭ ئاپەتلەر بىزگە ئىنسانلارنىڭ ئەسلىگە كېلىش ئىقتىدارىنى تەتقىق قىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى». يەنە ئوخشاشلا ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بۇ تەتقىقاتلاردا ئەسلىگە كېلىش ئىقتىدارىنى ئۆلچەشتە پەرقلىق ئۆلچەملەر قوللىنىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، مەۋجۇت ئۆلچەم ئاساسلىرى قايسى خىل مۇداخىلىنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاشقا ياردەم بېرەلەيدىغان، جەريانغا يۈزلەنگەن ئۆلچىگۈچ (scale) سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى بېسىم مەيدانغا كېلىشتىن بۇرۇنقى ئىنكاسلارنىڭ بېشارەتچىسى سۈپىتىدە قوللىنىلىۋاتىدۇ.

ئەسلىگە كېلىش ئىقتىدارىدىكى يەتتە ئامىل

بۇ يېڭى ئۆلچىگۈچنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئاپتورلار گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ مۇزاكىرىسىدىن باشلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى روھىي زەربە، زەربىدىن كېيىنكى بېسىم بىنورماللىقى (PTSD) ۋە ئەسلىگە كېلىش ئىقتىدارى تەتقىقاتى قاتارلىق جەھەتلەردە كەسپىي بىلىمگە ئىگە ئىدى. ئۇلار يەنە ئالاقىدار ئىلمىي ئەسەرلەرنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە شەخسلەرنىڭ COVID-19 ۋاباسىغا قانداق تاقابىل تۇرغانلىقى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلارمۇ بار ئىدى. بۇ كەڭ كۆلەملىك ئىزدىنىش دېپىيرو قاتارلىقلارنىڭ جىددىي ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن 36 خىل قىلمىش ۋە ئىستراتېگىيە يۈرۈشلۈكىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىغا تۈرتكە بولغان.

ئۇلار مۇشۇ 36 خىل تەدبىرگە ئاساسەن، توردا 2088 نەپەر قۇرامىغا يەتكەن كىشىنىڭ ئەۋرىشكىسىنى قوبۇل قىلغان، بۇ كىشىلەرنىڭ 1864 نەپىرى ئىشلىتىشكە بولىدىغان سانلىق مەلۇمات بىلەن تەمىنلىگەن. سىناققا قاتناشقانلار ئۆتكەن بىر ئايدىكى جىددىي ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ھەر بىر ئىستراتېگىيەنى ئىشلىتىش چاستوتىسىغا (0 دىن 4 كىچە بولغان دائىرىدە) نومۇر قويغان.

قاتناشقۇچىلار بۇ سوئاللارغا جاۋاب بەرگەندىن سىرت، باشقا تەتقىقاتچىلار ئەسلىگە كېلىش ئىقتىدارىنى ئۆلچەشتە قوللانغان مۇناسىۋەتلىك ئانكېتلارغىمۇ جاۋاب بەرگەن. تەتقىقات

گۇرۇپپىسىدىكىلەر بۇنىڭغا يەنە ھاياتتىكى مۇددىئا تۇيغۇسى، ھېس قىلىنغان ئىجتىمائىي قوللاش، ئۈمىدۋارلىق مىجەزى، روھىي زەربە كەچمىشى، مەنىۋىيلىك ۋە روھىي كېسەللىك ئالامەتلىرىنىڭ ئۆلچەملىرىنىمۇ قوشقان.

ئاپتورلار يېڭى ئانكېتىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى ۋە باشقا تەدبىرلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ستاتىستىكىلىق تەھلىل قىلىش نەتىجىسىدە، 36 تۈرنى 24 كە قىسقارتىشقا مۇۋەپپەق بولغان ھەمدە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ، بۇلارنى يەتتە گۇرۇپپىغا ياكى ئامىلغا ئايرىغان. بۇ ئامىللارنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋرىشكە تۈرلىرىنى ئوقۇغىنىڭىزدا، قايسىسىنىڭ يېقىندا دۇچ كەلگەن بېسىم ۋەزىيىتىنى ئەڭ ياخشى تەسۋىرلەپ بېرىدىغانلىقىنى قاراڭ ھەمدە نۆلدىن تۆتكىچە بولغان دائىرىدە نومۇر قويۇپ سىناپ بېقىڭ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆزىڭىز ئىشلەتكەن ھەر بىر ئىستراتېگىيەنىڭ سىزنىڭ ئازادىلىك ھېس قىلىشىڭىزغا قانچىلىك پايدىسى بولغانلىقىغا (نۆلدىن تۆتكىچە بولغان) ئوخشاش دائىرىدە نومۇر قويۇڭ.

مەنە ۋە مۇددىئا

مەن كۈندىلىك ھاياتىمدا ئۆزۈم توغرا دەپ قارىغان ياكى ھېس قىلغان ئىشلارنى قىلدىم.

مەنچە، مەن ھاياتىمدىكى خىرىسلارنىڭ ئىچىدىن ئىجابىي رەۋىشتە يېتىشىپ چىقتىم.

كەلگۈسكە قارىتا ئۈمىدۋار ياكى ئىجابىي پوزىتسىيەدە بولۇشقا تىرىشتىم.

مەنىۋىيلىك

مەن ناماز ياكى باشقا ئېتىقاد پائالىيەتلىرىدەك مەنىۋى قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللاندىم.

مەن ئۇستۈن (ئىلاھىي) كۈچ بىلەن بولغان ئەھمىيەتلىك باغلىنىشنى ھېس قىلدىم.

بىلىش ۋە ھېسسىيات جانلىقلىقى

جىددىي ئەھۋاللارغا بولغان ھېسسىي ۋە جىسمانىي ئىنكاسىمغا دىققەت قىلىش ۋە چۈشىنىشكە ۋاقىت ئاجراتتىم.

مەن ئاشۇ پەيتتە كۈچلۈك سەلبىي ھېسسىيات ئىنكاسىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن رىتىمنى ئاستىلاتتىم.

مېڭە ۋە بەدەن ساغلاملىقى

مەن قىزىقىشىم ياكى ھەۋەسلىرىم ئۈچۈن ۋاقىت سەرپ قىلدىم.

مەن يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىشكە ۋاقىت سەرپ قىلدىم، مەسىلەن توردا دەرسكە قاتناشتىم.

ئۆرنەك

خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن دوستلىرىمدىن، يېتەكچىلىرىمدىن، ئائىلە ئەزالىرىمدىن، مەنىۋى رەھبەرلىرىمدىن ياكى ئوقۇتقۇچىلىرىمدىن مەسلىھەت سورىدىم.

مەن باشقىلار ئۈچۈن ئىجابىي ئۆرنەك بولدۇم.

ئىجتىمائىي قوللاش

مەن قىيىن كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقانلارغا ھېسسىي، ئىقتىسادىي ياكى باشقا شەكىلدە ياردەم بەردىم.

مەن باشقىلارغا ياردەم بېرىشكە ۋاقىت ئاجراتتىم.

قورقۇنچقا يۈزلىنىش

مەن كۆز ئالدىمدىكى قورقۇنچ ۋە مەسىلىلەرگە دادىل يۈزلەندىم.

مەن ھەددىدىن زىيادە سەلبىي ياكى تەنقىدىي تۇتۇمنى ئۆزگەرتىشكە ياكى ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىشقا ئۇرۇندۇم.

ئۆزىڭىزگە نومۇر قويغاندىن كېيىن، قايسى ئىستراتېگىيەلەرنى ئەڭ كۆپ ئىشلەتكەنلىكىڭىزنى ۋە ئۇلارنىڭ سىزگە قانچىلىك پايدىسى بولغانلىقىنى ئويلاڭ. ھەر بىر تۈرگە 2 ياكى 3 نومۇر قويغان بولسىڭىز، سىز «ئوتتۇراھال» ئەسلىگە كېلىش ئىقتىدارىغە ئىگە ھېسابلىنىسىز، ئۇنىڭدىن تۆۋەن سانلار سىزنى كىلىنىكا دەرىجىسىدىكى تەشۋىشلىنىش ئەۋرىشكىلىرىگە يېقىنلاشتۇرىدۇ.

بۇ يەتتە ئۇسۇلدىن قانداق پايدىلىنىسىز؟

بۇ تۈرلەر ئەسلىگە كېلىش ئىقتىدارىنىڭ چوقۇم بىر خاراكتېر ئالاھىدىلىكى بولۇشى ناتايىنلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دېمەك، «ئەگەر سىزدە ئەسلىگە كېلىش ئىقتىدارى بولمىسا، قىيىن ۋاقىتلاردا ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەيسىز» دېيىش توغرا ئەمەس. ئەرمەك ھايۋانلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلار ئادەتتە ئۈمىدۋار كىشىلەر بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇلار ئاسان قوللانغىلى بولىدىغان بۇ ئۇسۇللاردىن پايدىلانغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

سىزنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى ئۆرنەك ۋە ئىجتىمائىي قوللاشتىن ئىبارەت ئىككى ئامىل بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم سىز «ئېرىشىش بېرىشتىن قىممەتلىك» دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن، ئەمما سىناي تېغى دوختۇرخانىسىنىڭ تەتقىقات گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئوتتۇرىغا قويغانىدەك، سىز بايلىقلىرىڭىزنى قېزىش ۋە باشقىلارغا ياردەم بېرىش ئارقىلىق، ئەسلىگە كېلىش ئىقتىدارىڭىزنى تېخىمۇ بەك ئاشۇرالايسىز. ئاپتورلارنىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك: «بۇ ئامىللار مەيلى مۇستەقىل ھالدا ياكى ھەم بىرىكمە ئۇنۇم ياراتقان ھالدا بولسۇن، تېخىمۇ زور ئەسلىگە كېلىش ئىقتىدارى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.» بۇ بەلكىم مەزكۇر تەتقىقاتنىڭ سانلىق مەلۇمات دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتىشى مۇمكىن، ئەمما بىر چۈشەندۈرۈش شۇكى، بۇ قىلمىشلار سىزنىڭ «ئۆز كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق باشقىلارغا نەپ يەتكۈزىدىغان ئادەم»لىك سالاھىيىتىڭىزنى كۈچەيتىدۇ. باشقىلارغا نەپ يەتكۈزىدىغان ئادەمنىڭ كىملىكىنى باشتىن كەچۈرۈش. بۇ خىل شەخسىيەتسىز تۇتۇم ئۆز نۆۋىتىدە يەنە سىزنى چۈشكۈنلۈك، ئۈمىدسىزلىك ۋە تەشۋىش قاتارلىق روھىي ھالەتلەردىن قۇتۇلدۇرالايدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئەسلىگە كېلىش ئىقتىدارىنى سىزدە بار ياكى يوق نەرسە دەپ قاراشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇنى مەزكۇر يەتتە تەركىبكە بۆلۈپ، ئۇلارنى ئالاھىدە بېسىم مەنبەسىگە خاس ئامىل دەپ قاراش ئارقىلىق ــ تۇرمۇش سىناقلىرىغا دۇچ كېلىش جەريانىدا ــ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يولىنى تاپالايسىز.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.psychologytoday.com/intl/blog/fulfillment_at_any_age/202403/7_ways_to_find_the_resilience_you_never_knew_you_had



ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭ خەلقئارا سىياسەتتىكى رولى

جورج ئاسارتىيان

ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇنىڭ خەلقئارا سىياسەتتىكى رولى

دوتسېنت جورج ئاساترىيان

ئوتتۇرا ئاسىيانى مەركىزي تېما قىلغان يۇقىرى سۈپەتلىك ئىلمىي ئەسەرلەر خېلىلا كۆپ. ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي تەتقىقاتچىلار، تارىخچىلار ۋە ئىنسانشۇناسلار بۇ رايوننى ئۇزۇندىن بۇيان تەتقىق قىلىپ كەلمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ رايوننى ئەڭ كۆپ تەتقىق قىلىنغان رايون دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئافغانىستاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا يەنىلا غەرب دۇنياسىدا ئانچە تونۇلمىغان، تەكشۈرۈلمىگەن ۋە سىرلىق رايون ھېسابلىنىدۇ. بۇ رايوندىكى زامانىۋى مۇستەقىل دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىل بولغىنىغا تېخى قىرىق يىلمۇ بولمىدى. 19-ۋە 20-ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيا ئاۋۋال رۇس ئىمپېرىيەسىنىڭ، كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر قىسمى بولدى. دۇنيا ئىلىم-پەن ساھەسىدە بۇ رايوننى دېنىس سىنور (Denis Sinor)، ئىلسې لاۋد-سىرتاۋتاس (Ilse Laude-Cirtautas)، ئالېكساندىر بېنىگسېن (Alexandre Bennigsen)، ئېدۋارد ئالۋورس (Edward Allworth)، يۇرى برېگېل (Yuri Bregel)، سكوت لېۋى (Scott C. Levi)، يۇرىي مالىكوف (Yuriy Malikov) ۋە ھەسەن بۇلەنت پاكسوي (Hasan Bulent Paksoy) قاتارلىق تەتقىقاتچىلار تەتقىق قىلغان. غەرب ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا مەزكۇر رايوننىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە كۇلتۇرەل جەھەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان تارماق، مەركەز ۋە ئىنستىتۇتلار بار.

ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيادا سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى ئۆتكۈنچى مەزگىل ئاخىرلاشتى. رايوندىكى دۆلەتلەر مۇستەقىللىق يولىنى تۇتتى ھەمدە ئۆزلىرىگە خاس سىياسىي تۈزۈم، دۆلەتچىلىك نەزەرىيەسى ھەمدە ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇناسىۋەت ۋە جەريانلارنىڭ ئۆلچىمى، شەكلى ۋە ئادەتلىرىنى شەكىللەندۈردى. ئېنىق باشلىنىشى بار، ئەمما ئېنىق خاتىمىسى يوق بۇ جەريان ئاخىرىدا تاماملانغاندەك قىلىدۇ. ئۆتكەن ئون يىلدا، سوۋېت ئىمپېرىيەسى يىمىرىلگەندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن سىياسىي تۈزۈمنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش، يېڭى قانۇن چىقىرىش ۋە ئىزباسار تەييارلاش قاتارلىق تۈرلۈك تىرىشچانلىقلار كۆرسىتىلدى. ئۇلار بۇ سىياسىي تۈزۈملەرنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئۇنۇملۈك كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. بۇ جەرياندا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۆزىنى داۋاملىق تونۇتىدىغانلىقىغا ئىشىنىشكە ئاساسىمىز بار. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، (ئوتتۇرا ئاسىيانى) كۆزەتكۈچىلەر ئىككى خىل بولىدۇ.

ئۈمىدسىزلەر بۇ رايوننىڭ «پارتلاش» گىردابىغا بېرىپ قالغانلىقىنى ھەممە بۇ پارتلاشنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇقىمسىزلىق ۋە ئىچكى توقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەشمەكتە. ئۇلارنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى ھەمىشە باي-نامراتلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ چوڭىيىشى، نوپۇسنىڭ رايون سىرتىغا يۆتكىلىشى ۋە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي يىمىرىلىشقا مەركەزلەشكەن. نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇقىم تەرەققىياتىدىكى بىر مەسىلە تەسىردار رايون كۈچلىرى قوللىغان رادىكال «ئىسلامىي» تەشكىلاتلاردىن كېلىشى مۇمكىن. ئۈمىدسىزلەرنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى يەنە ئافغانىستان تالىبانلىرى پاكىستان ئارمىيەسىنىڭ قوللىشى بىلەن قۇرغان قوراللىق ئەمىرلىكنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەممە بەزى رايون ۋە جەمئىيەتلەردە دىنىي ئاشقۇنلۇقنىڭ كۈچىيىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ئۈمىدۋارلارنىڭ نەزىرىدە، بۇ يەردە ئەنسىرىگۈدەك ئىش يوق. ئەكسىچە، ئۇلار رايوندىكى سىياسىي تۈزۈلمىلەرنى راۋۇرۇس مۇستەھكەم، دەپ قارايدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنىڭ دۇنيا سىياسىتىگە تېخىمۇ چوڭقۇر سىڭىپ كىرىشىگە ئەگىشىپ، بۇ رايونغا بولغان قىزىقىش كۈچەيمەكتە. پېتېر فرانكوپان (Peter Frankopan) ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىزچىل ھالدا چوڭ كۈچلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ كەلگەن تارىخىي ئەھمىيىتى ۋە مول تەبىئىي بايلىقىنى تەكىتلەپ كەلدى. بۇ رايوننىڭ كەلگۈسى خىرىسقا دۇچ كېلىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇ غايىلىك ۋە ئۈمىدكە تولغاندۇر. ئۇ يېقىندا نەشر قىلغان «يىپەك يولى: دۇنيانىڭ يېڭى تارىخى» (Bloomsbury, 2016) ناملىق كىتابىدا بۇ رايوننىڭ دۇنيا تارىخىدىكى تارىخىي ئەھمىيىتىنى تەكىتلىگەن. ئۇ دۇنيا سودىسىنىڭ ۋە مەزكۇر رايوننىڭ «ئۆتەك»لىك خۇسۇسىيىتىنىڭ ئاسىيا بىلەن ياۋروپا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىشتىكى رولىنى تەكىتلىدى.

رۇسىيە 20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىياغا قىزىقىشقا باشلىدى. بۇ جەرياندا نىكولاي ئىگناتىيېفنىڭ (Nikolai Ignatiev) دىپلوماتىك ئۆمىكى، شەرقشۇناس ن.خانىيكوف (N. Khanykov) باشچىلىقىدىكى ئىلمىي ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ۋە چوقان ۋەلىخانوفنىڭ سودا ئۆمىكى قاتارلىقلار بىر قانچە قېتىم مەزكۇر رايوننى تەتقىق قىلىشقا ئۇرۇندى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ رۇس ئىمپېرىيەسىگە قوشۇۋېلىنىشى تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە كەڭ كۆلەمدە تەتقىق قىلىنغان مەسىلىدۇر. بۇنىڭ سەۋەبلىرى توغرىسىدا ئورتاق تونۇش مەۋجۇت بولۇپ، بۇنى بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. 19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، دۆلەتلەرنىڭ يېڭى رايونلارنى يۇتۇۋېلىشى كۆپ ئۇچرايدىغان ئەھۋالغا ئايلىنىپ قالدى. شۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، پۈتكۈل ئافرىقا ھەر خىل مۇستەملىكچى دۆلەتلەر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسى ئاسىيادىكى زېمىننى كېڭەيتتى. دۇنيا سىياسىتىدە ياۋروپادىكى باشقا كۈچلەردىن ئارقىدا قالغان گېرمانىيە ئىمپېرىيەسى رىقابەتچىلىرىگە يېتىشىشتە ھۇجۇمخور ئىستراتېگىيە قوللىنىپ، قولدىن كەتكەن پۇرسەتنى تولۇقلىدى. باشقا

مۇستەملىكىچى ئىمپېرىيەلەرگە ئوخشىمايدىغىنى، رۇس ئىمپېرىيەسى مۇستەملىكە قىلىش ئارقىلىق كېڭەيمىگەنىدى. شۇڭلاشقا، ئىمپېرىيەنىڭ كۆچىنى جەنۇبقا كېڭەيتىش ئىمپېرىيەنىڭ كېڭىيىشىدىكى ئەڭ مەنتىقىلىق ۋە مۇمكىن بولىدىغان تاللاش ئىدى. ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخچىسى روبېرت كرۇز (Robert Cruz) ئۆزىنىڭ «پەيغەمبەر ۋە چار پادىشاھ ئۈچۈن: رۇسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام ۋە ئىمپېرىيە» (New Literary Review، 2020) ناملىق كىتابىدا رۇس ئىمپېرىيەسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. كرۇزغا كۆرە، رۇسىيە باشقا مىللەتلەرنى ئۆزىنىڭ كۇلتۇرەل ۋە ئىجتىمائىي-سىياسىي بوشلۇقىغا تىنچلىق بىلەن ئەكىرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ مۇرەسسە قىلىش ۋە تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنىڭ مۇرەككەپ سىستېمىسىنى تېپىش جەھەتتىكى ئىقتىدارى باشقا چوڭ كۈچلەرنىڭكىدىن زور بولغان. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، مەزكۇر رايوننىڭ تارىخى توغرىسىدىكى كلاسسىك تەتقىقاتلاردىمۇ رۇسىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىدىكى ئىجابىي رولى تىلغا ئېلىنغان. رىچارد پىيېرس (Richard A. Pierce) ئۆزىنىڭ «رۇسىيە ئوتتۇرا ئاسىياسى: 1867-1917-يىللىرى: مۇستەملىكىۋى ھاكىمىيەت توغرىسىدىكى تەتقىقات» (1960-يىلى، بېركېلېي، كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى) ناملىق كىتابىدا رۇسىيەنىڭ بۇ رايونغا كىرىشىنىڭ «تىنچلىق» خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مۇرەسسە قىلىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

ئوتتۇرا ئاسىيا «بۈيۈك ياۋروئاسىيا»نىڭ مۇھىم رايونى بولۇپ، ئۇ تېخى دۇنيا خەۋەرلىرىنىڭ مەركىزىگە ئايلانمىدى. ئافغانىستاندا تالىبان ھاكىمىيىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى، غەرب بىلەن رۇسىيە ئوتتۇرىسىدىكى تىركىشىش، خىتاينىڭ كۈنسېرى زورىيىۋاتقان كۈچى ۋە تەمەسى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇھىملىقىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈردى.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://moderndiplomacy.eu/2024/02/13/central-asia-and-its-role-in-global-politics/

تورۇك دوستلار

تۇرۇك دوستلار

(سەرگەردان)

مىللىتىڭىز قىرىلماقتا تۇرۇك دوستلار،
سىزنى زار-زار يىغلاتقانى ئۇرۇك دوستلار.
ئاشتى ياۋنىڭ زۇلمى ھەمدە جىنايىتى،
قۇتقازماقچۇن ئەل-ۋەتەننى، يۈرۈك دوستلار.

ئاكا-سىڭىل، ئاتا-ئانا بولدى مەزلۇم،
نى نى بەرنا قىز-يىگىتلەر يىغلار يۇم-يۇم.
ياۋۇز دۈشمەن قۇيرۇقنى باسقۇسى قۇم،
بوشاڭلىققا خوش دەپ، يەڭنى تۈرۈك دوستلار.

خەلقىمىزنى زالىم بىكار تۇرغۇزمايدۇ،
بارغۇسى بار ھېچبىر يەرگە بارغۇزمايدۇ،
ئانىسىنى ئۆز بالىسىغا باققۇزمايدۇ،
شىرغا ئوخشاش ياۋنى قوغلاپ سۈرۈك دوستلار.

بۇلغاندى پاك سىڭلىڭىزنىڭ مەسۇم تېنى.
ئانىڭىزنىڭ بېشىدىكى ياغلىق قېنى؟
ئانا ۋەتەن ئىستەر بۇگۈن ئەركەك قېنى،
ياۋنىڭ زۇلۇم قەسرىنى ئۆرۈك دوستلار.

قاغا-قۇزغۇن ئۇۋا تىزدى مەلىمىزگە،
ئىپلاس قولىنى سۇندى قىممەت-قەدرىمىزگە،
ئۇلار لايىق غەزەپ-نەپرەت، قەھرىمىزگە،
ياۋغا قارشى پولات قورغان قۇرۇك دوستلار.

نى نى ئەزىز ئوغلانلارنى باستى خارلىق،
خەلقىڭىزگە ئۆز زېمىنى قىلدى تارلىق،
بېغىمىزدىن ياۋ ئالمىنى يەر بىكارلىق،
قانلىق قىرغىن ئۇچۇن ماتەم تۇتۇڭ دوستلار.

ئۇسسۇۋەرسە قوينى ئەگەر قاۋان توڭگۇز،
قاراپ تۇرماس، ھېلىغۇ قويكەن، ھەتتا قوڭقۇز،
سىز قوي ئەمەس، ئاتا بوۋىڭىز ساتۇق، ئوغۇز،
باشقا نېمە كەلسە شۇنى كۆرۈڭ دوستلار.

قان بوپ ياغار خەلقىڭىزنىڭ ئاھۇ-زارى،
بۇگۈن بىزلەر مىللەتلەرنىڭ ئەڭ بەك خارى،
ئىنسانلىقىڭىز، ئەركەكلىكىڭىز بولسۇن جارى،
بىكار ياتماي، ۋولقان كەبى كۆيۈڭ دوستلار.

دۈشمەن ھەرچاغ بىزگە قارشى تۈزەر مىكىر،
ئۇيغۇرنى يوق قىلىپ تاشلاش ئاساس پىكىر،
زېھنىمىزنى ئىچكى جاڭجال قىلماقتا كىر،
ئۆزگە ئەمەس، ياۋغا قارشى تۇرۇڭ دوستلار.

ھەممىمىزگە پەقەت بىرلا كېلەر ھايات،
جاندىن ئەزىز مەھبۇبلار بەك چەكتى پەريات،
باسقۇنغا جىم قاراپ تۇرماق بەكمۇ ئۇيات،
تۇرۇڭ، زالىم كۈلىنى كۆككە سورۇڭ دوستلار.

ختاي ئۇيغۇرلار قاراتقان قامالنى تېخمۇ كۈچەيتمەكتە

جېيمس دورسېي

خىتاي ئۇيغۇرلار قاراتقان قامالنى تېخىمۇ كۈچەيتمەكتە

دوكتور جېيمس دورسېي

خىتاي ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاندا، خىتاي دائىرىلىرى خەلقئارانىڭ دىققىتىنىڭ غەززەگە مەركەزلەشكەنلىكىدىن ۋە ئامېرىكانىڭ ئىسرائىلىيەنى قوللىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، بۇ رايوندىكى تۈركىي مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئۇيغۇر خەلقىنى كونترول قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئىسلامنى قايتىدىن شەكىللەندۈرمەكتە ۋە ئىجتىمائىي ئىنشائات (social engineering ــ جەمئىيەتنى سىياسىي ئېتىقادقا ئاساسەن ئۆزگەرتىش ئۇرۇنۇشى، ت) بىلەن شۇغۇللانماقتا.

خەلقئارا جەمئىيەت غەززەدىكى قەتلىئامغا ئىنكاس قايتۇرۇش ھەلەكچىلىكىدە يۈرگەندە، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي دائىرىلىرى دىنىي ساھەدىكىلەرنى چەتئەلدىكى دىنىي تەشكىلاتلاردىن تېخىمۇ بەك ئايرىۋېتىش، دىنىي تەلىماتلارنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ پرىنسىپىغا ماسلاشتۇرۇش ھەمدە پەرقلىق مىللىي كىملىكنى ئاجىزلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بەلگىلىمىلەرنى يېڭىلىدى.

شەرقىي تۈركىستاندىكى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش رامكىسىنى خىتاينىڭ 2014ـ يىلدىن باشلاپ ماقۇللانغان قانۇن ـ نىزاملىرىغا ماسلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان مەزكۇر تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن نىزام بۇ ھەپتە كۈچكە ئىگە بولىدۇ. بۇ خىتاينىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇن رامكىسى بايان قىلىنغان ئاق تاشلىق كىتاب ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنگىلا توغرا كەلگەن.

مەزكۇر نىزام خىرىستىيانلارنى، داۋجياۋ مۇرىتلىرىنى ۋە بۇددىستلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق دىنىي گۇرۇپپىلارغا تەسىر كۆرسىتىدىغان بولسىمۇ، شەرقىي تۈركىستاندىكى 26 مىليون نوپۇسنىڭ كەم دېگەندە ئەللىك پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان مۇسۇلمانلارغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

پائالىيەتچىلەر يېڭىلانغان بۇ نىزام خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان ھەر خىل باستۇرۇشلىرىنى قانۇنىيلاشتۇرۇش ئۇرۇنۇشىدۇر، دەپ ئەيىبلىدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 2022ـ يىلىدىكى دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلگەن: خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت شەكىللەندۈرۈشى مۇمكىن بولغان «ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى» سادىر قىلدى.

شەرقىي تۈركىستاندىكى قازاقلارنى ئوبيېكت قىلغان قازاقىستاندىكى پائالىيەتچى بەكزات ماخسۇتخان بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «بۇ قانۇن ئىلگىرىكى بارلىق ھەرىكەتلەرنىڭ قانۇنىيلاشتۇرۇلۇشىدۇر.»

ئوتتۇرا شەرقتىكى جىددىي ۋەزىيەتنىڭ كەسكىنلىشىشىگە ئارىلاشماسلىققا بەل باغلىغان خىتاي «ئەرەب ۋە مۇسۇلمان دۆلەتلىرى بىزنىڭ ئىسلام دىنىنى قايتىدىن تەبىرلىشىمىزنى كۆرمەسكە سالىدۇ» دەپ قارىماقتا.

خىتاينىڭ ئىسلامنى «قايتىدىن شەكىللەندۈرۈش» ئۇرۇنۇشىغا ماس ھالدا، بۇلتۇر 10-ئايدا غەززە ئۇرۇشى باشلانغاندىن بۇيان، خىتاينىڭ قاتتىق كونتروللۇق ئاستىدىكى ئىنتېرنېتى يەھۇدىيلارغا قارشى نەپرەتلىك گەپ-سۆزلەر بىلەن تولدى.

خىتاي يەھۇدىيلارغا قارشى نەپرەتلىك سۆزلەرنى ئوتتۇرا شەرقتە ئامېرىكاغا ۋە غەربكە قارشى كەيپىياتنى كۈرۈكلەشنىڭ، شۇنداقلا غەربنىڭ ئىسرائىلىيەنى قوللىغانلىقى سەۋەبلىك شەكىللەنگەن غەزەپنى باستۇرۇشنىڭ چارىسى، دەپ قارىغاندەك قىلىدۇ.

يەھۇدىيلارغا قارشى ئىنكاسلار يەھۇدىيلارنى ناتسىستلارغا ئوخشىتىش ۋە «ئامېرىكالىق يەھۇدىيلار ئامېرىكادىكى ھوقۇق ۋە بايلىقنى كونترول قىلىدۇ» دېيدىغان سۇيىقەست نەزەرىيەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (ئەمەلىيەتتە، بۇنى تامامەن سۇيىقەست نەزەرىيەسى دەپ كەتكىلى بولمايدۇ، چۈنكى يەھۇدىيلارنىڭ ئامېرىكا پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىكى كۈچىنىڭ زورلۇقى ۋە بۇ كۈچنى ئۆز مەنپەئەتىگە پايدىلىق رەۋىشتە ئىشلىتىشكە ئۇرۇنىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇملۇق رېئاللىقتۇر، ت).

بۇ يىل 1-ئاينىڭ ئاخىرىدا، خىتاي ئىجتىمائىي تاراتقۇلىرىدىكى تەسىردارلاردىن جوۋ جېڭ (Zhou Zheng) ئۆزىنىڭ خاۋكەن ۋىدىيو ھېساباتىغا «يەھۇدىيلارنىڭ سۆزىگە ھەرگىز ئىشەنمەڭ» ناملىق ۋىدىيونى يوللىدى.

جوۋ جېڭ «لاماكان» ۋە «پەۋقۇلئاددە باي» يەھۇدىيلارنىڭ گېرمانىيەگە خىيانەت قىلىپ، «يەھۇدىي چوڭ قىرغىنچىلىقى»دىن ئىلگىرىكى گېرمانىيە ئىقتىسادىنى كونترول قىلغانلىقىنى؛ يەھۇدىيلارنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا خىتايغا قارشى ياپونىيە بىلەن ھەمكارلاشقانلىقىنى ھەمدە 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەنگلىيەنى خىتايغا ئىبسپ كىرىشكە قۇتراتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

خىتاينىڭ ئۆزىنىڭ ھەم (شەرقىي تۈركىستاندىكى) مۇسۇلمانلارغا قارشى، ھەم يەھۇدىيلارغا قارشى پائالىيەتلىرىنى خەۋپسىز دوغا تىكىش دەپ قارىشىغا ئىشىنىشكە ئاساسلىرى بار.

ئەرەب ۋە مۇسۇلمان دۆلەتلەر سۈكۈتتە تۇرۇپ كەلدى، ھەتتا بەزى ئەھۋاللاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلگىرىكى باستۇرۇلۇشىنى، جۈملىدىن تەخمىنەن بىر مىليون كىشىنىڭ قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرىغا سولىنىشىنى قوللىدى.

خىتايغا كۆرە، ئامېرىكانىڭ ئوتتۇرا شەرق بىخەتەرلىكىگە بەرگەن ۋەدىسى ئېنىق بولمىغان شارائىتتا، ئالدىبۇرۇن خىتاي بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى داۋالغۇتۇشنى خالىماس ھالغا كېلىپ بولغان ئەرەب ۋە مۇسۇلمان دۆلەتلىرى خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى جىددىيلەشتۈرۈشنى خالىمايدۇ.

خىتاي يەنە ئەرەب تاراتقۇلىرىدا ئىسرائىلىيەگە قارشى سۆزلەرگە يول قويۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەھۇدىيلارغا قارشى سۆزلەر چەكلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما غەززە ئۇرۇشى نەتىجىسىدە، يەھۇدىي دۈشمەنلىكىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ئالقىشقا ئېرىشىدىغانلىقىنى پەرەز قىلدى.

خىتاي يەنە سەئۇدى ئەرەبىستان ۋەلىئەھدى شاھزادە مۇھەممەد بىن سالمان ۋە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ ئەمىرى مۇھەممەد بىن زەيىدكە ئوخشاش ئەرەب مۇستەبىتلىرى ئىسلامنى كونترول قىلىش ۋە ئىسلامنىڭ سىياسەتكە ئارىلىششىغا قارشى تۇرۇش جەھەتتە خىتاي بىلەن ئورتاق قىزىقىشقا ئىگە، دەپ پەرەز قىلدى.

خىتاي دۇچ كەلگەن خەۋپ شۇكى، غەززە ئۇرۇشىدىن كېيىن ئەرەب مۇستەبىتلىرىنىڭ سوققان چوتلىرى ئۆزگىرىشى مۇمكىن.

خىتاي-ئامېرىكا مۇناسىۋىتى يېقىندا قايتا قوزغىتىلغان «ئامېرىكا-سەئۇدى ئەرەبىستان مۇداپىئە ھەمكارلىق سۆھبىتى»نىڭ مۇھىم نۇقتىسىغا ئايلىنىشى مۇمكىن. بۇ سۆھبەت غەززەدىكى ئۇرۇش سەۋەبىدىن توختاپ قالغانىدى.

سەئۇدى ئەرەبىستان بۇ سۆھبەتنىڭ ئاخىرىدا ئامېرىكادىن سەئۇدىي ئەرەبىستاننىڭ ۋە رايوننىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ھەمدە ئۇنىڭ ئۇلۇغۋار پۇقراۋى يادرو پىلانىنى قوللاش ھەققىدە ۋەدە ئېلىش، شۇنداقلا ئىسرائىلىيە بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش بەدىلىگە ئىسرائىلىيە-پەلەستىن توقۇنۇشىنى ھەل قىلىشنىڭ ئىشەنچلىك يولىنى تېپىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ھېچكىم سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ نېفىت خېرىدارى بولغان خىتاي بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇشنى تەمە قىلمايدۇ. ئۇنىڭ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ئوچۇق-ئاشكارا تەنقىد قىلىشىمۇ ئېھتىماللىقتىن يىراق.

شۇنداق بولسىمۇ، ئامېرىكا خىتاي بىلەن سەئۇدىي ئەرەبىستان ئوتتۇرىسىدىكى تېخنىكىلىق ھەمكارلىقنى چەكلەش ھەمدە سەئۇدى ئەرەبىستاندىن خىتاي ئۈچۈن پارس قولتۇقىدا بازا قۇرۇپ بەرمەسلىك ۋە ئۇنىڭ بازا قۇرۇشىنى قوللىماسلىق توغرىسىدا ۋەدە ئېلىش ئارقىلىق سەئۇدى ئەرەبىستان بىلەن خىتاينىڭ مۇناسىۋىتىگە چەك قويۇشقا ئۇرۇنىدۇ.

بۇ چەكلىمىلەر خىتاينىڭ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا كۆزىتىش تېخنىكىسىنى كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىشكە چېتىلىشى مۇمكىن، بۇ خىل كۆزىتىش تېخنىكىلىرى شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارنى كۆزىتىشكىمۇ ئىشلىتىلگەن.

خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ 2022-يىلىدىكى زىيارىتى جەريانىدا، سەئۇدى ئەرەبىستان خۇاۋېي شىركىتى بىلەن كېلىشىم ئىمزالىدى. ئامېرىكا خۇاۋېي شىركىتىنى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ گۇماشتىسى دەپ قارايدۇ. بۇ كېلىشىم تورچوت (cloud computing — بۇنى «تورچوت» دەپ ئېلىشنى ئۆز ۋاقتىدا پروفېسسور ئارسلان ئابدۇللاھ تەھۇر تەۋسىيە قىلغان، ت)، سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ شەھەرلىرىدە يۇقىرى تېخنىكىلىق قۇرۇلۇش تۈركۈملىرىنى بەرپا قىلىش ھەمدە سانلىق مەلۇمات مەركىزى قۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۆتمۈشتە سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ باستۇرۇلۇشىغا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇشتىن ھالقىپ، بۇ زۇلۇمنى ئوچۇق-ئاشكارە قوللىدى.

2019-يىلى، خىتاي دۆلەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ ۋەلىئەھدى شاھزادە مۇھەممەد بىن سەلماننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان: «خىتاينىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئاشقۇنلۇقنى تۈگىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ھوقۇقى بار. سەئۇدى ئەرەبىستان بۇنىڭغا ھۆرمەت كۆرسىتىدۇ ۋە قوللايدۇ، شۇنداقلا خىتاي بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى خالايدۇ.»

خىتاينىڭ «ئاق تاشلىق كىتابى»دا خىتاينىڭ 2010-يىللاردا ئېغىر تېررورلۇق مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەنلىكى، ئەمما ئۇيغۇرلارغا زەربە بېرىشنىڭ «قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش» ۋە «كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىش» پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن ئىكەنلىكى دەۋا قىلىنغان.

«ئاق تاشلىق كىتاب»تا يەنە مۇنداق بىلجىرلانغان: «دىنىي ئاشقۇنلۇق دىن ئەمەس؛ خىتاي قانۇنسىز ۋە جىنايى تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ... كىچىك جىنايەت سادىر قىلغان، ئاشقۇن تەلىماتلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلارنى تەربىيەلەش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ.»

«ئاق تاشلىق كىتاب»تا دىننى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن نىزام، شۇنداقلا يەرلىك دىنىي تەشكىلاتلار ۋە كەسپىي خادىملارنىڭ مەسئۇلىيىتى چۈشەندۈرۈلگەن.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ قازاقىستان بىلەن چېگرىلىنىدىغان ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدا 47 مىللەت ياشايدىغان بولۇپ، بۇ رايون يۇقىرىدىكى نىزامنى ئىجرا قىلىشتا تېخىمۇ غالجىرلىشىپ، خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «جۇڭخۇا كىملىكى» بەرپا قىلىش سەپسەتىسىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ ئارىلىشىپ ياشىشىغا «ئىلھام» بېرىدىغان تەدبىرلەرنى قوللانغان.

بۇ تەدبىرلەردە تۇرالغۇ جەھەتتە ئارىلىشىپ ياشاش ھەققىدە جار سېلىنغان، شۇنداقلا «كۈلتۈر باغچىسى» ۋە ئاممىۋى رايون بەرپا قىلىپ، «ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزگە مۇجەسسەملىگەن ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە مەھەللە مۇھىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش» ۋە بۇ رايوننىڭ «خىتاي دۆلىتى»نىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىش مەقسەت قىلىنغان.

ئۇيغۇرلار ئۇزۇندىن بۇيان خىتاينىڭ ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەش پروگراممىسى، خىتايلارنى شەرقىي تۈركىستانغا توشۇش ۋە مەجبۇرىي پىلانلىق تۇغۇت چەكلىمىلىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي ۋەتىنى بولغان شەرقىي تۈركىستاندىكى مەۋجۇتلۇقىنى ئاجىزلاشتۇرماقچى ئىكەنلىكىدىن شىكايەت قىلىپ كەلمەكتە.

تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن مەزكۇر بەلگىلىمىلەر نوقۇل ھالدا مۇسۇلمانلارنى نىشانلىمىغاندەك قىلسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئاساسلىق نىشان ئىكەنلىكى شەكسىز. بۇنىڭدىكى مەقسەت دىنىي ئەنئەنە، ئەمەلىيەت ۋە ئىلمىي مۇنازىرىلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى پارتىيە تەرىپىدىن بېكىتىلگەن «خىتايچە ئىسلام» ۋە «مۇسۇلمانلىق كۈلتۈرى» شەكىللەندۈرۈشتۇر.

بۇ ھەقتە، «كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش» تەشكىلاتىنىڭ باياناتىدا مۇنداق دېيىلگەن: «(خىتاينىڭ رايى بويىچە بولغاندا) دىنىي ئورۇنلار ئەمەلىيەتتە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ خەلققە <يادرولۇق قىممەت قاراشلار>نى تاڭىدىغان مەشىق سورۇنىغا ئايلىنىشى كېرەك.»

بۇ نىزامدا دىندار كىشىلەر، دىنىي خادىملار ۋە پائالىيەتلەر چوقۇم «سوتسىيالىزمنىڭ يادرولۇق قىممەت قاراشلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى» ۋە «دۆلىتىمىزنىڭ دىنلارنى خىتايلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن. شۇنداقلا يەنە دىن «كىيىم-كېچەككە، توي-تۆكۈنلەرگە، دەپنە مۇراسىمغا ۋە باشقا مىللىي ئۆرپ-ئادەتلەرگە ئارىلاشماسلىقى كېرەك» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن.

بۇ بەلگىلىمىدە يەنە دىنىي تەشكىلاتلاردىن «دىنىي تەلىمات ۋە نىزاملارنىڭ ئىزاھلىنىشىنىڭ ھازىرقى خىتاينىڭ تەرەققىياتى ۋە ياخشىلىنىشىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇشىغا ھەمدە خىتاينىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى كۈلتۈرى بىلەن بىردەك بولۇشىغا» كاپالەتلىك قىلىشى تەلەپ قىلىنغان.

مەزكۇر يېڭىلانغان نىزام ئەرلەرنىڭ ساقال-بۇرۇتلىرى ۋە ئايال-قىزلارنىڭ روماللىرى، شۇنداقلا رەقەملىك قۇرئان تىلاۋەتلىرىنى ساقلاش «ئەسەبىيلىك» دەپ قاراپ جازالىنىدىغان 2014-يىلىدىكى ئاشقۇن بەلگىلىمىنىڭ مەزمۇنلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ نىزامدا يەنە دىنىي مەكتەپلەردىن «خىتايچە ئالاھىدىلىككە ماس ھالدا پائالىيەت قىلىش» تەلەپ قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭغا «ۋەتەنپەرۋەر دىنىي ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش» ۋە «دىنىي تەلىماتلارنى توغرا شەرھلەش» دەپ ئېنىقلىما بېرىلگەن.

يېقىنقى يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان كەڭ كۆلەملىك مەسچىتنى «قايتا قۇرۇش» پائالىيەتلىرىنى يوللۇقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، مەزكۇر يېڭىلانغان بەلگىلىمىدە «يېڭىدىن سېلىنغان ياكى رېمونت قىلىنغان، كېڭەيتىلگەن ياكى قايتا ياسالغان دىنىي سورۇنلار ... بىناكارلىق، ھەيكەلتىراشلىق، رەسىم ۋە بېزەك جەھەتتە خىتاينىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇسلۇبىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن.

ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتىنىڭ 2020-يىلىدىكى تەتقىقاتىدا مۇنداق دەپ يەكۈن چىقىرىلغان: شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۈچتىن ئىككى قىسىم مەسچىت گۈمبەز ۋە مۇنارلارنى ئېلىۋېتىش ئارقىلىق ئۆزگەرتىلگەن. كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى بۇلتۇر مەسچىتلەرنى «خىتايلاشتۇرۇش» ئۇرۇنۇشىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن ھالقىپ، خىتاي ئۆلكىلىرىگىمۇ كېڭەيگەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

خىتاي ھېلىھەم ئىسلامنى خىتايلاشتۇرۇش نىيىتىدىن يانغىنى يوق. ئەمما، خىتاي «ۋەتەنپەرۋەرلىك»نى تىلغا ئېلىشتىن باشقا، (قۇرئان-سۈننەتنى) «توغرا ئىزاھلاش»نىڭ نېمە ئىكەنلىكى توغرىسىدا تەپسىلىي توختالمىدى. بۇ (يەنى قۇرئان-سۈننەتنى كونكرېت قانداق ئىزاھلاش) خىتاي ئۆتۈشنى خالىمايدىغان بىر لىنىيە بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى بۇ ئەرەب ۋە مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنى رەنجىتىشى مۇمكىن.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن، خىتاي يەنىلا خالىغىنىنى قىلماقتا. ئەگەر مۇسۇلمان بولمىغان بىر دۆلەت ئىسلامنى ئۆزگەرتمەكچى بولسا، بۇنىڭدىن چىقىدىغان قالايمىقانچىلىقنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ.

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://moderndiplomacy.eu/2024/02/13/flying-under-the-radar-china-tightens-grip-on-uighurs/

ئۈچ خىل يېمەكلىكتىكى بەزى پايدىلار

ئۈچ خىل يېمەكلىكتىكى بەزى پايدىلار

ھەممىمىز تېنىمىزنىڭ ساغلام بولۇشىنى ئارزۇلايمىز. كېسەل-ئاغرىق بولۇپ قالماسلىقنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇ ئارزۇ-ئۈمىدلىرىمىزگە يېتەلىشىمىز ئۈچۈن، ئۆزىمىز يەۋاتقان ۋە دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىن تاپقىلى بولىدىغان مېۋە-چېۋە، كۆكتاتلارنى ۋە قۇرۇق يەل-يېمىشلەرنى تونۇۋېلىشىمىز ئىنتايىن زۆرۈر. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۆۋەندە دوكتور ئۈمىد ئاقتاش ئۆزىنىڭ «دورىدىن خالىي ھايات» ناملىق كىتابىدا بايان قىلغان 99 خىل شىپالىق مېۋە-چېۋىلەر ئارىسىدىكى ئۈچ مېۋە-چېۋە، يېمەكلىكنىڭ بەزى پايدىلىرىنى ھوزۇرۇڭلارغا سۇندۇق.

خورما

خورمىدا مول مىقداردا ۋىتامىن ۋە مېنىرال ماددىلار مەۋجۇت. شۇنداقلا خورمىدا تالا (纤维 - fiber) مول. كالىي، كالتسىي، تۆمۈر، فوسفور، خلور، ۋىتامىن ئا، ۋىتامىن ب 1، ۋىتامىن ب 2، ۋىتامىن ب 6، بېتا-كاروتىن ۋە فولىك ئاسىت قاتارلىق ۋىتامىن ۋە مېنىراللار خورما تەركىۋىدە يېتەرلىك مىقداردا بار. خورمىدا تالا بولغانلىقتىن ئۈچەي خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ. خورمىدا تۆمۈر ماددىسى بولغانلىقتىن قان ئازلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تۆمۈر كەملىكنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. خورمىدا كالىي مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈن، قان بېسىمىنى نورماللاشتۇرۇشقا ياردەمچى بولىدۇ. ئوكسىدلىنىشقا قارشى تۇرىدۇ. بەدەننى قۇۋۋەتتەلەيدۇ.

ناشتىلىقتا ياكى ناشتىلىق بىلەن چۈشلۈك تاماق ئارىسىدا، ياكى ئۇزۇن ئاچلىقتىن كېيىنكى ئاخشىمى تۆت بەش تالدىن يەتتە تالغىچە خورما يېيىش ساغلاملىقىڭىز ئۈچۈن پايدىلىق.

خورمىنىڭ مۇھىم پايدىلىرى:

— ئۈچەي خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ

— تۆمۈر كەمچىللىكىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، قان ئازلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

— بەدەنگە كېرەكلىك بىر تۈركۈم مېنىرال ماددىلار ۋە ۋىتامىن بىلەن تەمىنلەيدۇ.

دىققەت:

خورمىنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى يۇقىرى بولغاچ، كىچىك بالىلار كۈنىگە بىر نەچچە تالدىن كۆپ يەۋالسا، زىيان قىلىپ، بالىنى ئاغرىتىپ قويۇش ئېھتىمالى بار. خورمىنىڭ تەبىئىتى ئىسسىق بولغاچ، بولۇپمۇ ئىسسىقچان كىشىلەرنىڭ خورمىنى تەرخەمەك قاتارلىق سوغۇقلۇق كۆكتاتلار بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

بانان

باناندا كالىي مىنېرال ماددىسى مول. كالىي — يۈرەك ساغلاملىقى ۋە قان بېسىمنى تەڭشەشتە بەدەن ئۈچۈن كېرەكلىك مىنېرال ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرى قان بېسىم بىمارلىرى بەدىنىگە يېتەرلىك مىقداردا كالىي قوبۇل قىلدۇرسا، قان بېسىم دورىلىرىنى ئازايىتىشقا، ھەتتا ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قان بېسىم دورىسىدىن تامامەن تۈلۈپ كېتىشكە پايدىلىق. باناندا ۋىتامىن ب6 ۋە ۋىتامىن س مەۋجۇت. ئورۇقلاش ئارزۇسىدىكى كىشىلەر بانان ئىستېمال قىلسا بولىدۇ. ئاشقازاندا قىززىش، ئاشقازان كۆيۈشۈش ئالامىتى بولسا بانان بۇنىڭغا پايدا قىلىدۇ. يۇقىرى قان بېسىم بىمارلىرى كۈنىگە ئوتتۇراھال چوڭلۇقتىكى باناندىن بىرنى يەپ بەرسە، قان بېسىمنى تەڭشەيدۇ.

باناننىڭ مۇھىم پايدىسى:

— قان بېسىمنى تەڭشەيدۇ.

— ئورۇقلاش ئارزۇسىدىكىلەر ئىستېمال قىلىپ بەرسە بولىدۇ.

— يۈرەككە پايدىلىق.

— ئاچلىقنى تېز باسىدۇ.

(باناننى بەزى بەزىدە يېسە قەۋزىيەت قىلىپ قويىدۇ. ئىزچىل ئىستېمال قىلسا قەۋزىيەتنى ياخشىلايدۇ.-پروفېسور دوكتور ساراچ ئوغلى،ت)

[بانان (100 گرام): كالورىيە 89؛ ئاقسىل 1.1 گرام؛ تۆمۈر 0.3 ملگرام؛ كالتسىي 7.5 ملگرام؛ ۋىتامىن س 8.7 ملگرام؛ ياغ 0.3 گرام-تەرجىماندىن.]

[كالىينىڭ (Potassium) ئالاھىدىلىكلىرى: ھۈجەيرىلەرنىڭ بۆلۈنۈشى ۋە چوڭىيىشى، يۈرەك خىزمىتى، قان بېسىمنىڭ تەكشى تۇرۇشىدا، يۈرەكنىڭ ساغلام ئىشلىشىدە؛ ئىنسۇلىن قارشىلىقى ياكى دىيابېت كېسىلى بار كىشىلەردە قان گلۇكوز سەۋىيىسىنىڭ نورماللىشىشىدا كالىي مەۋجۇت يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىش پايدىلىق. چوڭلار كۈندە ئەڭ ئاز ئىككى مىللىگرام كالىي ئىستېمال قىلىشى لازىم. بانان، ئۆرۈك، ئاۋوكادو؛ قۇرۇق يەل-يېمىش؛ قۇرۇتۇلغان مېۋىلەردە كالىي مەۋجۇت.-تەرجىماندىن]

كاۋا

كاۋىنىڭ كالتىسي ۋە ماگنېي مىقدارى ناھايىتى مول. كاۋىدا يەنە بېتا كاروتېن ۋە ۋىتامىنلار مەۋجۇت. بېتا كاروتېن بىلەن ماگنېي كىشىنى كېسەللىكلەردىن ساقلايدۇ، ئىممۇنېت كۈچىمىزنى ئاشۇرىدۇ، مېتابولىزمنى كۈچلەندۈرىدۇ. كاۋىنىڭ كالورىيەسى ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ، ئورۇقلاش ئارزۇسىدىكىلەرنىڭ ئەڭ ياخشى تاللىشىدۇر. كاۋا بەدەندە يىغىلىپ قالغان ئارتۇقچە سۇنى چىقىرىپ تاشلاشتا مەنپەئەتلىك يېمەكلىكتۇر. كاۋا ھەزىم قىلىشنى ياخشىلايدۇ.

كاۋىنىڭ ئۇرۇقىنىڭ ئوزۇقلۇق مىقدارى ناھايىتى يۇقىرى. كاۋا ئۇرۇقى راك كېسىلىگە قارشى بەدەننى قوغدايدۇ. ئۇچەيدىكى پارازىت قۇرۇتلارنىڭ چۈشۈشىگە ياردەم بېرىدۇ. ئەرلەردىكى مەزى بېزى يوغىناشقا قارشى ياردەمچى بولىدۇ.

دوكتور ئۇمىد ئاقتاشنىڭ «دورىدىن خالىي ھايات» ناملىق كىتابىغا بىنائەن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەييارلىدى

ياخشى كۆرۈنمەيدىغان كىشى

جېيمس كلر

ياخشى كۆرۈنمەيدىغان كىشى

جېيمىس كلىر

پسىخولوگ گرېي كلېين بىر قېتىم ماڭا بىر ئائىلە يىغىلىشىغا قاتناشقان ئاياللاردىن بىرى ھەققىدىكى ھېكايىنى بايان قىلىپ بەرگەن ئىدى. ئۇ ئايال ئۇزۇن يىللاردىن بېرى جىددىي قۇتقۇزۇش خادىمى بولۇپ خىزمەت قىلغان ئىدى. ئۇ ئائىلە يىغىلىشىغا كەلگىنىدە قېيناتىسىنى كۆرۈپلا بەك ئەنسىرەپ كەتتى.

— ئەھۋالىڭىز بەك ناچار تۇرىدۇ؟ — دېدى ئۇ قېيناتىسىغا.

ئەھۋالىنى بەك ياخشى دەپ ھېس قىلىپ ئولتۇرغان قېيناتا كېلىنىنىڭ بۇ گېپىگە چاقچاق بىلەن:

— سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزمۇ بەك ناچارتۇرىدۇ، — دەپ جاۋاپ قايتۇردى.

— ئۇنداق ئەمەس، دەرھال دوختۇرخانىغا بېرىشىڭىز لازىم، — دېدى كېلىن.

بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن بۇ ئايالنىڭ قېيناتىسىنىڭ توساتتىن كېسىلى قوزغىلىپ قالدى. ئۇنىڭ مۇھىم ئارتېرىيە تومۇرلىرىدىن بىرىدە توسۇلۇش يۈز بەرگەنلىكتىن يۈرەك كېسىلى قوزغالغان بولۇپ، ئەھۋال ناھايىتى خەتەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن دەرھال ئوپېراتسىيە قىلىنىش ئۈچۈن ئوپېراتسىيە خانىسىغە ياتقۇزۇلدى. كېلىنىنىڭ ئالدىن بېشارىتى بولمىغان بولسا، بۇ كىشى ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.

كېلىن قېيناتىسىنى كۆرگەندە ئەجەبا نېمىنى بايقىدى؟ ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلىنىڭ قوزغىلىش ئالدىدا تۇرغىنىنى قانداق تەخمىن قىلدى؟

ئارتېرىيە تومۇرى توسۇلغاندا بەدەن تېرىنىڭ سىرتقى يۈزىگە يېقىن بولغان تېرە ئاستى قانلىرىنى سۈمۈرۈپ، بەدەندىكى مۇھىم ئەزالارغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. نەتىجىدە يۈز تېرىسىدە قان تارقىلىش ھالىتى يۈز بېرىشكە باشلايدۇ. كېلىن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى يۈرەك كېسىلى قوزغالغان كىشىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ كېسىلى قوزغالغان تۇنجى پەيتتە تولا ئۇچرىشىۋەرگەنلىكتىن، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ئاساستا يۈرەك كېسىلى قوزغىلىش ئالدىدىكى كىشىلەرنى كۆرگەن ھامان ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلىنىڭ قوزغىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرەلەيدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرگەن. كېلىن قېيناتىسىنىڭ يۈزىدە نېمىنى كۆرگىنىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى-يۇ، لېكىن قېيناتىسىنىڭ سالامەتلىكىنىڭ تەھدىتكە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى (ئۇنى كۆرگەن ھامان) بايقىۋالغان ئىدى.

باشقا ساھەلەردىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشايدىغان ھېكايىلەر پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن، ئەسكىرىي ئانالىزچىلار ھاۋا بوشلۇقىنى كۆزىتىش ئېكرانىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئېكراندا كۆرۈنگەن قايسى جىسىمنىڭ ئۆزىنىڭ ئايروپىلانلىرى، قايسىسىنىڭ دۈشمەننىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبىسى ئىكەنلىكىنى دەرھال پەرق ئېتەلەيدۇ. ھالبۇكى، ئېكراندا ئۆزلىرىنىڭ ئايروپىلانلىرىمۇ، دۈشمەننىڭ باشقۇرۇلىدىغان بومبىسىمۇ چېكىتتەك چوڭلۇقتىكى كۆرۈلىدۇ ۋە ئوخشاش يېنىپ تۇرىدۇ. پارس قولتۇقى ئۇرۇشى پەيتىدە لېيتنانت كوماندىر مىكائىل رىلېي كۆزىتىش ئېكرانىدا كۆرۈنگەن، ئۆز ئاۋئاماتكىسىنىڭ جەڭ ئايروپىلانىغا ئوپمۇ ئوخشاش بولغان، ھاۋادا ئۇچىۋاتقان بىر جىسىمنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋېتىش بۇيرۇقىنى بەرگەن، بۇ ئارقىلىق ئاۋئاماتكىلاردىن بىرىنى قۇتقۇزۇپ قالغان. رىلېي ئۇچىۋاتقان جىسىمنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋېتىش توغرىسىدا توغرا قارار بەرگەن بولسىمۇ، ئۇ ئوپمۇ ئوخشاش باشقا جىسىملارنى ئەمەس، ئاشۇ جىسىمنى نېمىشقا ئېتىپ چۈشۈرگەنلىكىنى ئىزاھلىيالمىغان.

مۇزېيشۇناسلار ھەقىقىي سەنئەت ئەسىرى بىلەن ئۇستىلاردىن بىرى تەقلىد قىلىپ ياساپ چىققان سەنئەت ئەسىرىنى — ئىككىسىنىڭ بىر-بىرىگە ئوپمۇ-ئوخشاش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر — بىر-بىرىدىن ئايرىيالايدۇ. ئەمما، بۇنى ئايرىشتا قانداق ئۇسۇل قوللانغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. تەجرىبىلىك رادىيولوگلار بىر كىشىنىڭ مېڭىسىنى تەكشۈرۈش ئۇچۇن ئۇنى مېڭە تەكشۈرۈش ئاپپاراتىغا سېلىپ تەكشۈرۈپ، چىققان نەتىجىدىن كېيىن ئىككى كۆزىگە تايىنىپلا كەلگۈسىدە ئۇ كىشىنىڭ بەدىنىنىڭ قايسى قىسمىدا پالەچلىك ئەھۋالى يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئالدىن ئېيتىپ بېرەلەيدۇ.

ھەتتا، ساتراچلار ئىچىدە ئايال مۇشتەرىلەرنىڭ چېچىنى تۇتۇپلا، ئۇنىڭ ھامىلدار ياكى ئەمەسلىكىنى بىلەلەيدىغان ساتراچلار بارلىقىمۇ قۇلىقىمغا يەتتى.

ئىنسانىنىڭ مېڭىسى بىر تەخمىن قىلىش ماشىنىسىدۇر. مېڭىمىز تۆت ئەتراپىمىزنى توختىماي كۆزىتىپ تۇرىدۇ ۋە ئۆزىگە يېتىپ كەلگەن ئۇچۇرلارنى ئانالىز قىلىدۇ. بىر ئىشنى تەكرار-تەكرار قىلغىنىمىزدا مېڭىمىز تەپسىلاتلارنى چىقىرىۋېتىپ، ئالاقىدار يىپ ئۇچلىرىنى سۈزۈپ ئېلىپ قالىدۇ. يۈرەك كېسىلى قوزغىلىش ئالدىدىكى كىشىنى كۆرگەن جىددىي قۇتقۇزۇش خادىمىنىڭ ۋە رادار ئېكرانىدا باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى كۆرگەن ئەسكىرىي ئانالىزچىنىڭ مېڭىسى مانا مۇشۇ شەكىلدە مەشغۇلات قىلغان.

يېتەرلىك دەرىجىدە مەشىق قىلىش ئارقىلىق، مۇئەييەن نەتىجىلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن بېشارەت بېرىدىغان يىپ ئۇچلىرىنى ئالايىتەن ئويلىنىپ يۈرمەستىنلا كۆرۈپ يېتەلەيدىغان ھالەتكە كېلەلەيسىز. (مەلۇم ئىشنى كۆپلەپ تەكرارلاش ئارقىلىق، مەلۇم بىر كەسىپ بىلەن ئۇزۇن مۇددەت شۇغۇللىنىش ئارقىلىق) بەزىدە نېمىلەرنى ئۆگەنگەنلىكىمىزنى پەرق ئېتەلمەي قالىمىز. ئەمما، ئۆگىنىش دائىملىق ئىشتۇر. مۇئەييەن بىر ئەھۋالغا ئالاقىدار يىپ ئۇچلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىڭىز سىز شەكىللەندۈرگەن بارچە ئادەتلەرنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ.

مېڭىمىزنىڭ ۋە بەدىنىمىزنىڭ ئۆيلىنىپ ياكى تەييارلىنىپ ئۆلتۈرماستىنلا نۇرغۇن ئىشلارنى ئاپتوماتىك ھالدا قىلىۋاتقانلىقىغا كۆپۈنچە ھالدا دىققەت قىلىپمۇ قويمايمىز. چىچىڭىزغا ئۆزىراشنى، قەلبىڭىزگە سوقۇشنى، ئۆپكىڭىزگە نەپەس ئېلىشنى ۋە ئاشقازىنىڭىزغا ھەزىم قىلىشنى جېكىلەپ يۈرمەيسىز. مېڭىڭىز ۋە بەدىنىڭىز يۇقىرى خىزمەتلەرنى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپىنى ئاپتوماتىك بىر تەرەپ قىلىپ ماڭىدۇ. مېڭىڭىزنىڭ بەدىنىڭىزنىڭ ئىشلارنى ئاپتوماتىك بىر تەرەپ قىلىپ مېڭىشى سىزنىڭ ئالاھىدە ئويلىنىش ۋە تەييارلىق قىلىشتىن كېيىن ئاندىن ھەرىكەتكە ئۆتىدىغان ھالىتىڭىزدىن كۆرۈنەرلىك كۆپتۇر.

قورسىقىڭىزنىڭ ئاچقىنىنى ھېس قىلىشىڭىزمۇ مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. قورسىقىڭىزنىڭ ئاچلىقىنى ھېس قىلىشىڭىز ئۈچۈن كۆز ئالدىڭىزدا يېمەكلىك پەيدا بولۇشقا ئېھتىياجىڭىز بولمايدۇ. بەدىنىڭىز يېمەكلىك ئېھتىياجى ھېس قىلغىنىدا، بەدىنىڭىزدىكى ھورمونلار ۋە مىنېراللارنىڭ تەسىرى نەتىجىسىدە، تاماق يېيىش ئېھتىياجىڭىز قوزغىلىدۇ. بەدىنىڭىزدىكى قايسى نەرسىنىڭ سىزنى تاماق يېيىشكە سىلجىتىۋاتقانلىقىنى ئۆزىڭىز سەزمەستىنلا، ۋاقتى كەلگەن ھامان ئاپتوماتىك ھالدا قورسىڭىز ئاچىدۇ.

بىر ئادەتنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن ئىشارەتلەرنى سېزىشىڭىز بىھاجەت. ئالاھەتەن دىققىتىڭىزنى يىغىپ يۈرمەستىن تۇرۇپمۇ بىر پۈرسەتنى پەرق ئېتەلەيسىز ياكى بىر ھەرىكەتكە ئۆتەلەيسىز. ئادەتلەرنى پايدىلىق قىلىدىغىنى مانا بۇدۇر. شۇنىڭدەك، ئادەتلەرنى خەتەرلىك قىلىپ قويىدىغان ئامىلمۇ يەنە بۇ — يەنى، ئالاھىدە ئويلىنىپ تۇرماستىنلا ھەرىكەتكە ئۆتىشىڭىزدۇر.

ئادەتلىرىڭىز شەكىللىنىش جەريانىدا ھەرىكەتلىرىڭىز ئاپتوماتىك ھالدا ۋە سىز سەزمىگەن ھالدا زېھنىڭىزنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتىدۇ. بىرى سىزگە ئاتايىن دەپ بەرمىسە، ئۆزىڭىزنىڭ كۆلگەن چېغىڭىزدا ئاغزىڭىزنى ئېتىۋالىدىغانلىقىڭىزنى، سوئال سوراشتىن ئاۋۋال ئۆزۈر سورايدىغانلىقىڭىزنى، ياكى باشقىلار ئېيتقان سۆزگە قوشۇپ ئۆز سۆزلىرىڭىزنى دەپ، ئۇنىڭ سۆزىنى تاماملىماقچى بولۇش قاتارلىق ئادەتلىرىڭىزنىڭ بارلىقىنى پەرق ئېتەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن. بۇ خىل ئەھۋاللار قانچە كۆپ تەكرارلانغانسېرى، ئۆزىڭىزنىڭ نېمە قىلغانلىقىڭىزغا ۋە نېمە ئۈچۈن قىلغانلىقىڭىزغا سوئال قويۇش ئېھتىماللىڭىز شۇنچە تۆۋەن بولىدۇ.

(ئادەتنىڭ كۈچى جەھەتتە مۇنۇ بىر نەچچە ۋەقەلىك ئۆرنەكلىك مىسال بولالايدۇ:)

بىر كىشى بىر سودا سارىيىدا ئىشلەيدىكەن، ۋەزىپىسى خېرىدارلار ھەدىيە كارتىلىرى ئارقىلىق مال سېتىۋالغاندا، خېرىدارلار تەگلىگەن ھەدىيە كارتىلىرىنى قىممىتىگە ماس ھالدا ھېساپلاپ، ئاندىن ئۇ كارتىلارنى قايچا بىلەن كېسىپ ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلاش ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ ئالدىغا ھەدىيە كارتىلىرى ئارقىلىق مال سېتىۋالغان ئىككى خېرىدار ئارقا-ئارقىدىن كەپتۇ. ئۇ دائىم قىلغىنى بويىچە، ئىككەيلەن تەگلىگەن كارتىنى ھېساپلاش ماشىنىسىدىن ئۆتكۈزۈپ بولۇپ، قايچا بىلەن كېسىپ خىزمىتىنى داۋام قىپتۇ. ئۈچىنچى خېرىدار كېلىپ، ئۇنىڭغا بانكا كارتىسىنى تەگلىگەن ئىكەن، خىزمەتچى

ئۇنىڭ بانكا كارتىسىنى پۇل تۇتۇش ماشىنىسىدىن ئۈتكۈزۈپ بولۇپ، ئاۋۋالقىدەكلا قايچا بىلەن ئوتتۇرىدىن كېسىپ تاشلاپتۇ. خېرىدار يۈز بەرگەن ئىشتىن ھەيرانۇ ھەس قىلىپ، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالغاندىلا، ئاندىن خىزمەتچى ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلغانلىقىنى ھېس قىپتۇ.

ئىزدىنىش جەريانىدا مەن ئۇچراتقان ھېكايىلەردىن يەنە بىرىدە مۇنداق دېيىلگەن:

ئۇزاق يىل يەسلى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ خىزمەت قىلغان بىر ئايال بولۇپ، كېيىنكى چاغلاردا خىزمەت ئالماشتۇرۇپ قورامىغا يەتكەن كىشىلەر بىلەن ئىشلەشكە باشلاپتۇ. ئەمما، يەسلىدە ئوبۇرنىغا كىرىپ چىققان باللاردىن «دائىملا قولۇڭنى يۇيدىڭمۇ؟» دەپ سورايدىكەنتۇق. يېڭى خىزمەت ئورنىدىمۇ، كۆنگەن ئادىتى بويىچە، ئوبۇرنىغا كىرىپ چىققان خىزمەتداشلىرىدىن «قولىڭىزنى يۇيدىڭىزمۇ؟» دەپ سوراشنى تاشلىيالماپتۇ.

ئۇزۇن يىللار جىددىي قۇتقۇزۇش خادىمى بولۇپ خىزمەت قىلغان بىر كىشى بولۇپ، خىزمەتتە كۆنگەن ئادىتىنى باشقا چاغلاردىمۇ تاشلىيالماپتۇ. قاچانكى يۈگۈرەۋاتقان كىچىك باللارنى كۆرسە، ئىختىيارسىز ھالدا «يۈگۈرمەستىن دىققەت بىلەن ماڭ» دەپ توۋلايدىكەن.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئادەتلىرىمىزنى قوزغىتىشتا ئوت پىلىتىسى بولىدىغان ئىشارەتلەر بىز بىلەن شۇ دەرىجىدە بىر گەۋدىلىشىپ كېتىدۇكى، بىز ئۇ ئىشارەتلەرنى كۆرۈر-كۆرمەستىنلا ئۇنى ھەل قىلىش چارىسى سۈپىتىدە ئۆزىمىزدە شەكىللەندۈرگەن ئادەتلىرىمىز دەرھال ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئاشخانا تەزگاھىدىكى ئۇششاق يېمەكلىكلەر، كىرىسلونىڭ يېنىدا تۇرىدىغان تىزگىنەك، يانچۇقىمىزدىن ئايرىلمايدىغان تېلفون قاتارلىق بۇ ئىشارەتلەرگە قايتۇرىدىغان ئىنكاسىمىز جىسمىمىزغا شۇ قەدەر چوڭقۇر ئورناپ كەتكەنكى، بىز بۇ ئىشارەتلەرنى كۆرۈر-كۆرمەي، ھېچقانداق ئويلىنىپ ئولتۇرماستىنلا ئۇلارغا قارشى شەكىللەندۈرگەن ھەرىكەتلىرىمىز ئاپتوماتىك رەۋىشتە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ ۋەجىدىن، ئادەت ئۆزگەرتىش جەريانىدا ھەرىكەتكە دىققەت تارتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشىمىز ئۈنۈملۈك بولىدۇ.

ئۈنۈمدار يېڭى ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرۈشتىن ئاۋۋال، ئىشنى مەۋجۇت ئادەتلىرىمىزدىن باشلىشىمىز لازىم. ئادەتلىرىمىزگە دىققىتىمىزنى ئاغدۇرماي تۇرۇپ، ئۇ ئادەتلىرىمىزنى ئىجابىي يۆنىلىشتە ئۆزگەرتەلمەيمىز. كارل يۇڭنىڭ ئېيتقىنىدەك: «ئاڭسىز ھەرىكەتلىرىڭىزنى ئاڭلىق ھەرىكەتكە ئايلاندۇرغىنىڭىزغا قەدەر، ئاڭسىز ھەرىكەتلىرىڭىز ھاياتىڭىزنى يوشۇرۇن ھالدا كونترول قىلىدۇ.»

ئادەت شەكىللەندۈرۈش كارتىسى

ياپونىيە تۆمۈر يول سىستېمىسى دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار تۆمۈر يول سىستېمىسى دەپ قارىلىدۇ. كۆنلەرنىڭ بىرىدە، توكيودا پويىز سەپىرىگە چىقىپ قالسىڭىز، پويىز خادىملىرىنىڭ ئۆزگىچە خاس ئادەتلىرى بارلىقىنى بايقايسىز.

ھەر بىر پويىز خادىمى پويىزلارنى باشقۇرغاندا، ئوخشىمىغان جىسىملارغا ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ بۇيرۇق بېرىدىغان پرىنسىپ بويىچە ئىشلەيدۇ. مەسىلەن، پويىز قاتناش چىراقلىرىدىن بىرىگە يېقىنلاپ كەلگىنىدە، پويىز شوپۇرى قاتناش چىرىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئۈنلۈك ئاۋازدا «چىراق يېشىل» دەيدۇ. پويىز بېكەتكە كىرىدىغاندا ۋە چىقىدىغاندا پويىز شوپۇرى پويىزنىڭ سۈرئەت سائىتىگە ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ، پويىزنىڭ قانچىلىك تېزلىكتە كېتىۋاتقانلىقىنى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئېيتىدۇ. بېكەتتىن قوزغىلىدىغان چاغدا شوپۇر پويىز سائىتىگە قاراپ تۇرۇپ، سائەتنىڭ نەچچە بولغانلىقىنى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئېيتىدۇ. پويىزغا چىقىپ-چۈشىدىغانلارغا مەسئۇل خادىملارمۇ ئۆزگىچە خاس بىر قاتار ئادەتلەر بويىچە خىزمەت قىلىدۇ. پويىز ھەر قېتىم يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى پويىز خادىملىرىدىن بىرى پويىز پەشتىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئۈنلۈك ئاۋازدا «ھەر ئىش ئۆز يولىدا» دەيدۇ. يەنى، ياپون پويىز سىستېمىسىدا ئىشلەيدىغانلاردىن ھەر بىرى ئۆزگىچە خاس ئادەتلەر بويىچە ئۆز نۆۋىتىدە يېتەكچى رول ئوينايدىغان ھادىسىلەرگە ياكى نەرسىلەرگە باھا بېرىدۇ، ئىشارەت قىلىدۇ ۋە ئۇنى يۇقىرى ئاۋازدا ئېيتىدۇ.

«ئىشارەت قىلىش ۋە تىلى بىلەن ئېيتىش جەريانى» دەپ بىلىنگەن بۇ قائىدىلەر خاتالىقلارنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەرىكەتلەر بىمەنىدەك كۆرۈنىشىگە قارىماي، ئىنتايىن يۇقىرى ئۈنۈمگە ئىگە. ئىشارەت قىلىش ۋە تىل بىلەن ئېيتىش خاتالىقلارنى يۈزدە سەكسەن بەش پىرسەنت، ۋەقە يۈز بېرىشنى نىسبىتىنى يۈزدە ئوتتۇز پىرسەنت ئازايتىدۇ.

نيۇيوركنىڭ MTA مېترو سىستېمىسى بۇ قائىدىنىڭ پەتەق «ئىشارەت قىلىش» قىسمىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا ئازراق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپلا ئۆز خىزمەتچىلىرى ئارىسىدا يولغا قويغان بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە مېترو ۋەقەلىرى نىسبىتى 57 پىرسەنت ئازايغان.

ئىشارەت قىلىش ۋە تىلى بىلەن ئېيتىش ئۇسۇلى — ئويلانماستىنلا قىلىنىدىغان بىر ئادەتنى دىققەت تارتىش سەۋىيەسىگە ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، تولىمۇ ياخشى ئۈنۈمگە ئىگە. چۈنكى، پويىز خادىملىرى خىزمەتتىكى ھالقىلىق پەيتلەردە كۆزلىرىنى، قوللىرىنى، ئېغىزىنى ۋە قۇلاقلىرىنى ئىشقا سېلىشقا مەجبۇر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا يۈكلەنگەن بۇ خىل مەجبۇرىيەت ھالقىلىق پەيتتە كۆرۈلۈشى مۇمكىن بولغان مەسىلىلەرنى قاچۇرۇپ قويماي پەرق ئېتىش مۇمكىنچىلىكىنى ئاشۇرىدۇ.

ئايالىممۇ شۇنىڭغا ئوخشاش يول تۇتىدۇ. ئىشكتىن چىقىشتىن ئاۋۋال يېنىدا ئېلىۋېلىشى كېرەك بولغان نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئېيتىدۇ: «ئاچقۇچۇمنى ئالدىم، پورتمالىمنى ئالدىم، كۆزەينىكىمنى ئالدىم، يولدىشىمنى ئالدىم.»

بىر ھەرىكەت قانچىلىك ئاپتوماتىكلاشسا، ئۇنى ئېڭىمىزدا جانلاندۇرۇش مۇمكىنچىلىكىمىز شۇنچە ئازىيىدۇ. بىر ئىشنى شۇنىڭدىن ئىلگىرى مىڭ قېتىم تەكرار قىلغان بولسىڭىز، ئۇ ئىشنى قىلغاندىكى بەزى قەدەم ـ باسقۇچلارنى ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ھالغا كېلىسىز. دائىم قىلىشىمىز كېرەك بولغان بىر ھەرىكەت ياكى بىر ئىشنى ھېچ ئويلانماستىنلا ئاپتوماتىك پۈتتۈرۈۋېتىمىز، ئۇ ئىشنى توغرا قىلىۋاتقان قىلمايۋاتقانلىقىمىزنى ئويلاپمۇ ئولتۇرماي بىر باشقا ئېچىقىۋېتىمىز. (كۆنگەن شوپۇرنىڭ خوت يۆتكىشى، ماشىنىنىڭ ماي، تورمۇز پېداللىرىنى قاراپ، ئويلىنىپ يۈرمەيلا شارائىتقا ماس ھالدا ئاپتوماتىك ھالدا دەسسىشىمۇ مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىن.)

ئادەتلىرىمىزنى ئۆزگەرتىشتىكى ئەڭ مۇھىم قەدەم باسقۇچلاردىن بىرى، شۇ ئادەتلىرىمىزنى تەشكىل قىلغان ھەرىكەتلىرىمىزگە ئۆز دىققىتىمىزنى تارتىشىمىزدۇر. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا «ئىشارەت قىل ۋە تىلىڭ بىلەن ئېيت» ئۇسۇلىغا ئېھتىياجىمىز بار. ئۆزىمىزنىڭ نېمە ھەرىكەتلىرىنى قىلىۋاتقانلىقىمىز توغرىسىدا سەگەك تۇرۇشىمىزدا بۇ ئۇسۇلنىڭ رولى بەكمۇ چوڭ. سىز ئىشارەت قىلىش ۋە تىلدا ئېيتىش ئۇسۇلىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، بۇ ھەقتە ئۆزىڭىزگە خاس كەلىمىلەرنى تۈزۈپ چىقسىڭىز بولىدۇ.

كەلىمە تىزىملىكىڭىزدە نېمىلەرنىڭ بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە سىزگە يول كۆرسىتىدىغان مۇنۇ كەلىمىلەر تىزىملىكىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىڭ:

— ئويغان — سايراۋاتقان سائەتنى ئەت — تېلفونغا قارا — ئوبۇرنىغا كىر
— تارازىغا چىق — مۇنچىغا چۈش — چىش چوتكىلا — چىش يىپى ئىشلەت
— لۆڭگىنى قۇرۇشى ئۈچۈن ئېسىپ قوي — كىيىملىرىڭنى كەي — بىر ئىستاكان چاي دەملە

ئۆزىڭىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش رېتىمىڭىز يېزىلغان يۇقىرىقىدەك كەلىمىلەر تىزىملىكىنى ھازىرلاپ چىقىپ، ئاندىن شۇ تىزىملىكتە يېزىلغانلارغا نەزەر تاشلاڭ ۋە ھەر بىر ھەرىكىتىڭىزگە «بۇ ياخشى ئادەتمۇ ياكى ناچار ئادەتمۇ ۋە ياكى ئوتتۇرىدا قالغان، ياخشى ياكى يامان دەپ كېسىپ ئېيتقىلى بولمايدىغان ئادەتمۇ» دەپ سوئال قويۇپ چىقىڭ. ياخشى ئادەتلىرىڭىزگە «+» بەلگىسىنى، ناچار ئادەتلىرىڭىزگە «-» بەلگىسىنى، ئوتتۇرىدا قالغان ئادەتلىرىڭىزگە «=» بەلگىسىنى ئىشارەتلەڭ.

مۇئەييەن بىر ئادىتىڭىزگە قويىدىغان بەلگە ئەھۋالىڭىزغا ۋە نىشانىڭىزغا قاراپ ئۆزگۈرۈشى مۇمكىن. ئورۇقلاش نىيىتىدىكى بىرىنىڭ ھەر ئەتىگىنى كىشىنى تېز سەمرىتىدىغان يېمەكلىكلەرنى يېيىشى ناچار ئادەت بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، بەدىنىگە قۇۋۋەت تولۇقلىمىسا بولمايدىغان، تېنى ئاجىزلاپ كەتكەن بىرى ئۈچۈن قۇۋۋەتلىك ناشتىلىق قىلىش ياخشى ئادەت بولۇشى مۇمكىن. ئادەتلەرنىڭ ياخشى ۋە ناچار دەپ ئايرىلىشى نېمىنى مەقسەت قىلغانلىقىڭىزغا باغلىق.

مۇتلەق رەۋىشتە ياخشى ياكى مۇتلەق رەۋىشتە يامان ئادەتلەر يوق، پەقەت ئۈنۈملۈك ئادەتلەر بار. يەنى، مەسىلە ھەل قىلىشتا ئۈنۈملۈك ئادەتلەر بولۇشى لازىم. بارچە ئادەتلەر سىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۇ سەۋەبلىك، ئادەتلىرىڭىزنى تەكرارلايسىز. ئادەتلىرىڭىزگە دىققەت ئاغدۇرۇش ئۈچۈن مەن تەۋسىيە قىلغان يۇقىرىقى ئادەت تىزىملىكىڭىزنىڭ سىزگە ئۆزۈن مۇددەتتە قانداق پايدا ئېلىپ كېلەلەيدىغانلىقىغا يارىشا تۈرلەرگە ئايرىڭ. ئادەتتە ياخشى ئادەتلىرىڭىزنىڭ كۆزگە چېلىقىدىغان ئىجابىي نەتىجىلىرى بولىدۇ، يامان ئادەتلىرىڭىزنىڭ يامان نەتىجىلىرى كۆرىلىدۇ. (ئەگەر سىزنىڭ تاماكا چېكىش ئادىتىڭىز بولسا) تاماكا چېكىش سىز ئۈچۈن بېسىمنى يەڭگىللىتىش بولۇشى مۇمكىن، ئەمما تاماكا چېكىشنىڭ سالامەتلىكىڭىزگە بولغان زىيىنى بەك ئېغىر. (دېمەك، «تاماكا چېكىش»نى ياخشى ئادەتلىرىڭىز قاتارىغا يازالمايسىز.)

مەلۇم بىر ئادىتىڭىزنى ياخشى ئادەت قاتارىغا يېزىش ياكى يامان ئادەت قاتارىغا يېزىشتا ئىككىلەنسىڭىز، بۇ جەھەتتە ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان بىر ئۇسۇلنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئۇ بولسىمۇ ئۆز ئۆزىڭىزدىن «بۇ ئادىتىم ئۆزۈم ئارزۇلىغان مەن بولالىشىمغا ياردەم قىلالامدۇ يوق؟ بۇ ئادىتىم ئۆزۈم ئارزۇلىغان مەن ئۈچۈن پايدىلىقمۇ ياكى زىيانلىقمۇ؟» دەپ سوراشتۇر. ئۆزىڭىز ئارزۇلىغاندەك ئىنسان بولالىشىڭىزغا ياردەم بېرىدىغان ئادەتلەر ياخشى ئادەتلەردۇر. ئارزۇيىڭىز بىلەن ئادىتىڭىز زىتلىشىپ قالسا، ئۇنداقتا ئۇ خىل ئادىتىڭىز ناچار ئادەتتۇر.

ئادەت تىزىملىكىڭىزنى تەييارلىغىنىڭىزدا، دەسلەپكى چاغلاردا ھېچ نەرسىنى ئۆزگەرتىشىڭىزگە كېرەك يوق. مەقسەت، پەقەت شۇنداق ئادەتلىرىڭىزنىڭ بارلىقىنى پەرق ئېتىشىڭىزدۇر. چۈشەنچىلىرىڭىزنى ۋە ھەرىكەتلىرىڭىزنى بىتەرەپ ھالەتتە تۇرۇپ كۆزىتىڭ. خاتالىقلىرىڭىز ئۈچۈن ھە دېسىلا ئۆزىڭىزنى بەك ئەيىبلەپ كەتمەڭ. مۇۋەپپەقىيەتلىرىڭىز ئۈچۈنمۇ بەك مەغرۇرلىنىپ كەتمەڭ.

ھەر ئەتىگىنى بىر تال شاكىلات يەيدىغان ئادىتىڭىز بولسا، ئەتىگەندەك شاكىلات يەۋاتقان ھالىتىڭىزنى باشقا بىرىنىڭ كۆزىتىپ تۇرغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ. ئەگەر تاماقنى كۆپ يېيىش ئادىتىڭىز بولسا، ئۆزىڭىز ئېھتىياجلىق كالورىيەدىن ئاشۇرۇپ كالورىيە قوبۇل قىلىۋاتقىنىڭىزنى پەرق ئېتىڭ. توردا ۋاقىت ئىسراپ قىلىدىغان ئادىتىڭىز بولسا، توردا لاغايلاپ يۈرگەن پەيتلىرىڭىزدە ھاياتىڭىزغا ئۆزىڭىز خالىمىغان شەكىلدە زىيان سېلىۋاتقانلىقىڭىزنى كاللىڭىزغا كەلتۈرۈڭ.

ناچار ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىشنىڭ تۇنجى قەدىمى، ئۇ ناچار ئادەتلەرنى قىلىۋاتقىنىڭىزدا قىلىۋاتقان ئىشىڭىزنى بىلىپ تۇرۇشىڭىز كېرەكلىكىدۇر. ئەنە شۇ ناچار ئادەتلىرىڭىز ئوتتۇرغا چىققاندا، بۇ ناچار ئادەتتىن قۇتۇلۇشتا ياردەمگە ئېھتىياجىڭىز بارلىقىنى ھېس قىلسىڭىز، ئۇ ھالدا «ئىشارەت قىل ۋە تىلىڭدا سۆزلە» ئۇسۇلىنى ئىشلەتسىڭىز بولىدۇ. يامان ئادەتنى قىلىشتىن بۇرۇن قايسى ئىشقا قەدەم باسماقچى بولغىنىڭىزنى ۋە قانداق ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى يۇقىرى ئاۋازدا ئېيتىڭ. ئۇششاق يېمەكلىكلەرنى كۆپ يەيدىغان ئادىتىڭىزنى تۈگىتىش ئۈچۈن، شۇ ئادىتىڭىز تۇرتكىسىدە ئۆزىڭىزنى

يېمەكلىك ئىشكابىدىن ياكى توڭلاتقۇدىن بىر تال پېچىنىنى ئېلىۋاتقان ھالدا سەزسىڭىز، شۇ ھامان يۇقىرى ئاۋازدا «بۇ پېچىنىنى يېمەكچى بولىۋاتىمەن، ئەمما، ئەسلىدە ئۇنىڭغا ئېھتىياجىم يوق. بۇنى يېيىشىم مېنى تېخىمۇ سەمرىتىۋېتىدۇ، سالامەتلىكىمنى تېخىمۇ ناچارلاشتۇرىۋېتىدۇ» دەڭ.

(ئوبوۇرنىدا ئولتۇرۇۋېلىپ تېلفۇن ئويناش ئادىتىڭىز بولسا، شۇنداق قىلىۋاتقان پەيتىڭىزدە يۇقىرى ئاۋازدا «ھاياتىمنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزۈم خالاپ تۇرۇپ ئوبوۇرنىدا ئۆتكۈزۈۋېتىپ بارىمەن، تېلفۇنۇمغا باكتېرىيەلەرنى تېخىمۇ كۆپ يۇقتۇرۇۋاتىمەن، ھازىر مەن ئۆزۈم خالاپ تۇرۇپ ئۆزۈمگە زىيان سېلىۋاتىمەن، قىلماسلىقىم كېرەك بولغان ئىشنى قىلىۋاتىمەن» دەڭ.)

ناچار ئادەتلىرىڭىزنى تىلغا ئېلىشىڭىز، ئۇ ناچار ئادەتلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان نەتىجىلەرنى تېخىمۇ كونكېرت شەكىلدە كۆرۈپ يېتەلىشىڭىزگە ياردەمچى بولىدۇ؛ قېلىپلىشىپ كەتكەن ئادىتىڭىزنى ئۆزىڭىزمۇ سەزمەستىن تەكرارلاۋېرىشنىڭ ئورنىغا، شۇ ئادىتىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇشىڭىز سىز ئۈچۈن بىر ئېغىرلىق پەيدا قىلىدۇ. بۇ ئۇسۇل، قىلمىش تىزىملىكىڭىزدىكى بىر ۋەزىپىنى ئەسلەشكە تىرىشقىنىڭىزدىمۇ سىزگە ياردەم بېرىدۇ. ئۆز-ئۆزىڭىزگە يۇقىرى ئاۋازدا «ئەتە چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن پوچتىخانىغا بېرىشىم كېرەك» دېيىشىڭىزنىڭ ئۆزىلا، ئەتىسى پوچتىخانىغا بېرىشقا سەل قارىماسلىقىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۆزىڭىزگە ھەرىكەتكە ئۆتۈش ئېھتىياجىڭىزنى قوبۇل قىلدۇرالىغان بولىسىز ۋە ئۆزىڭىزگە مۇشۇنداق خىتاپ قىلىپ قويۇش ئارقىلىقلا ھەرىكەتكە ئۆتۈش ئېھتىماللىقىڭىزنى ئاشۇرالايسىز.

ھەرىكەتنى ئۆزگەرتىش مۇددىتى ھەر دائىم ئۇ ھەرىكەتكە دىققىتىڭىزنى تارتىش ئارقىلىق باشلىنىدۇ. ئىشارەت قىلىش ۋە تىلدا ئېيتىش، ھەرىكەت تىزىملىكى تۈزۈش قاتارلىق ئۇسۇللار سىزگە ئادەتلىرىڭىزنى پەرقلەندۈرۈپ، شۇ ئادەتلىرىڭىزنى ھەرىكەتكە ئۆتكۈزىدىغان ئىشارەتلەرنى تەستىق قىلىشىڭىزغا ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزىڭىزگە پايدىلىق ئىنكاس قايتۇرۇشىڭىزغا ياردەمچى بولىدۇ.

«قالتىس ئادەتلەر» ناملىق ئەسەردىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى

* قىسمەن قىسقارتىلىپ تەرجىمە قىلىندى.



نيۇتوننىڭ ئېتىقادى

نيۇتوننىڭ ئېتىقادى

نيۇتوننىڭ «تەبىئەت پەلسەپىسىنىڭ ماتېماتىكىلىق پرىنسىپلىرى» دېگەن ئەسىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى

قۇياش، سەييارىلەر ۋە قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزلاردىن تەركىب تاپقان بۇ مىسلىسىز گۈزەل سىستېمىنىڭ تولىمۇ ئىلىملىك ۋە قۇدرەتلىك بىر ئىلاھنىڭ پىلانى ۋە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكى شەكسىز. ئەگەر تۇراقلىق يۇلتۇزلار مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان باشقا سىستېمىلارنىڭ مەركىزى بولسا، ئۇنداقتا بۇ سىستېمىلارمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھېكمەتلىك پىلان ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىرىلغان بولۇپ، چوقۇم بىر ئىلاھ تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇشى شەرت بولىدۇ. بۇ يەنە شۇنىڭ ئۈچۈنكى، تۇراقلىق يۇلتۇزلارنىڭ نۇرى قۇياش نۇرى بىلەن ئوخشاش خۇسۇسىيەتكە ئىگىدۇر ھەمدە نۇر بىر سىستېمىدىن باشقا بارلىق سىستېمىلارغا يەتكۈزۈلىدۇ. تۇراقلىق يۇلتۇزلار سىستېمىلىرىنىڭ تارتىش كۈچى ئارقىلىق بىر-بىرىگە سوقۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇ ئىلاھ بۇ سىستېمىلارنى بىر-بىرىدىن ناھايىتى يىراقلارغا ئورۇنلاشتۇرغان.

بۇ ئىلاھ دۇنيانىڭ پەرۋەردىگارى سۈپىتىدە ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ چەكسىز ھۆكۈمرانلىقى سەۋەبىدىن «ھەممىگە قادىر ئىلاھ» ياكى «ھەممىگە قادىر ھۆكۈمران» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىلاھ ئۇنى «دۇنيانىڭ روھى» دەپ ئويلىغۇچىلار تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئۆز ۋۇجۇدىغا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل مەخلۇقاتىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ھەممىدىن ئۈستۈن ئىلاھ مەڭگۈلۈك، چەكسىز، مۇتلەق مۇكەممەلدۇر؛ ئەمما، ھەرقانچە مۇكەممەل بولسىمۇ، ھۆكۈمرانلىقى ئىگە بولمىغۇچىنى «رەببىمىز» دېگىلى بولمايدۇ؛ چۈنكى بىز «ئىلاھىمىزا!»، «پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى» دەيمىز؛ «ئىلاھ» سۆزى ئادەتتە رەب (يەنى ئىگە، خوجايىن)نى كۆرسىتىدۇ، ئەمما ھەربىر رەب (ئىگە، خوجايىن) ئىلاھ ئەمەس.

ھەقىقىي ئىلاھ مەڭگۈ ھايات، چەكسىز ھېكمەتلىك ۋە كۈچلۈك زاتتۇر؛ ئۇ باشقا مۇكەممەللىكى جەھەتلەردىمۇ ئالىي مۇكەممەللىك ئىگىسىدۇر. ئۇ مەڭگۈلۈك، چەكسىز، ھەممىگە قادىر ۋە ھەممىنى بىلگۈچىدۇر؛ يەنى ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئەزەلدىن ئەبەدكىچە داۋاملىشىدۇ. ئۇ ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ ۋە يۈز بەرگەن ياكى يۈز بېرىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىنى بىلىدۇ. ئۇ مەڭگۈ ھاياتتۇر، ئۇنىڭ قۇدرىتى ۋە ئىلمى ھەممىلا يەردە مەۋجۇتتۇر.

بىزدە ئىلاھنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدە ئېنىق كۆز قاراش بار، ئەمما ئۇنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى بىزگە نامەلۇم (يەنى ئاللاھ تەئالانىڭ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق رەۋىشتە، ھەقىقىي مەنىدە قولى، كۆزى، يۈزى بارلىقىنى بىلىمىز-يۇ، ئەمما بۇلارنىڭ كەيپىياتىنى بىلمەيمىز). ھەتتا مەخلۇقاتنىڭ ۋۇجۇدىغا قارىتامۇ، بىز پەقەت ئۇلارنىڭ شەكلى ۋە رەڭگىنىلا كۆرىمىز، ئاۋازىنىلا ئاڭلايمىز، ئۇلارنىڭ تاشقى يۈزىنىلا تۇتالايمىز، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى سەزگۈمىز ياكى ھېسسىياتىمىز ئارقىلىق چۈشەنگىلى بولمايدۇ، شۇنداق بولغانىكەن، ئۇلۇغ ئىلاھنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ ماھىيىتىنى بۇ چەكلىك ئەقلىمىز ئارقىلىق ئاڭقىرىش تېخىمۇ ئىمكانسىزدۇر. بىز ئىلاھنى (ئاۋۋال ئۆزى نازىل قىلغان ساماۋى كىتابلىرى ۋە ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلىرى ئارقىلىق، ئاندىن) ئۇنىڭ ئىشلارنى ئەڭ ھېكمەتلىك ۋە قالتىس تەرزدە ئورۇنلاشتۇرۇشى ئارقىلىق تونۇيمىز؛ بىز ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى سەۋەبىدىن ئۇنىڭغا چوقۇنىمىز. چۈنكى، بىز ئۇنىڭ بەندىلىرىدۇرمىز. ئاتېزمچىلارنىڭ قارىغۇلارچە «مۇقەررەرلىك» سەپسەتىلىرىنىڭ ھېچبىر ئاساسى يوق. بىز بايقىغان، ئوخشىمىغان زامان ۋە ماكانغا دەل ماس كەلگەن تەبىئىي شەيئىلەرنىڭ خىلمۇخىللىقى پەقەت مەۋجۇتلۇقى زۆرۈر بولغان بىر ئىلاھنىڭ ھېكمىتى ۋە ئىرادىسىدىن بارلىققا كېلىدۇ.

ھازىرغا قەدەر بىز ئاسمان ۋە ئوكيانلاردىكى ھادىسىلەرنى تارتىش كۈچى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ كەلدۇق، ئەمما بۇ كۈچنىڭ مەنبەسىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويمىدۇق. شۈنىسى ئېنىقكى، ئۇ چوقۇم قۇياش ۋە سەييارىلەرنىڭ مەركىزىگە سىڭىپ كىرەلەيدىغان، بۇ جەرياندا كۈچى ئازراقمۇ كېمىيىپ قالمايدىغان مەنبەدىن كەلگەن بولۇشى كېرەك؛ ئۇ (مېخانىكىلىق سەۋەبلەردەك) ئۆزى ھەرىكەت قىلغان زەررىچىلەر يۈزىنىڭ سانىغا ئاساسەن ھەرىكەت قىلمايدۇ، ئەكسىچە ئۇ ئۇلاردىكى قاتتىق ماددىلارنىڭ مىقدارىغا ئاساسەن ھەرىكەت قىلىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ كۈچىنى ھەر تەرەپكە كېڭەيتىپ، چەكسىز ئارىلىققا يەتكۈزىدۇ، شۇنداقلا ھەمىشە ئارىلىققا دەل باراۋەر نىسبەتتە تۆۋەنلەيدۇ. قۇياشنىڭ تارتىش كۈچى قۇياش گەۋدىسى ھاسىل قىلغان يەككە زەررىچىلەرنىڭ تارتىش كۈچىدىن تەركىب تاپىدۇ؛ قۇياشتىن يىراقلاشقاندا ـــ ھەتتا ساتۇرنىنىڭ ئوربىتىسىغىچە ـــ ئۇ ئارىلىققا دەل باراۋەر نىسبەتتە ئازىيىدۇ. پلانېتلارنىڭ قۇياشتىن يىراق نۇقتىسىنىڭ ـــ ھەتتا قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنىڭ قۇياشتىن ئەڭ يىراق نۇقتىسىنىڭمۇ ـــ تۇرغۇنلۇقى بۇنىڭغا ئېنىق دالالەت قىلىدۇ. ئەمما، مەن ھازىرغا قەدەر بۇ تارتىش كۈچىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ سەۋەبىنى ھادىسىدىن بايقىيالمىدىم، شۇنداقلا ھەرقانداق پەرەزمۇ ئوتتۇرىغا قويمىدىم. چۈنكى، ھادىسىلەردىن يەكۈنلىگىلى بولمايدىغان ھەر قانداق بىر ئىشنى پەرەز دەپ ئاتاشقا بولىدۇ؛ قىياس مەيلى مېتافىزىكىلىق ياكى فىزىكىلىق، مەيلى سىرلىق ياكى مېخانىكىلىق بولسۇن، تەجرىبە پەلسەپىسىدە ئۇنىڭغا ئورۇن يوق. بۇ پەلسەپەدە، كونكرېت ھۆكۈم جۈملىلەر (proposition) ھادىسىلەردىن يەكۈنلىنىدۇ، ئاندىن يىغىنچاقلاش (induction) ئارقىلىق ئومۇمىيلىققا ئايلىنىدۇ. جىسىملارنىڭ ئۆتكۈزمەسچانلىقى (impenetrability)، ھەرىكەتچانلىقى ۋە زەربە كۈچى،

شۇنداقلا ھەرىكەت ۋە تارتىش كۈچى قانۇنىيىتى ئەنە شۇنداق بايقالغان. بىز ئۇچۇن ئېيتقاندا، تارتىش كۈچى ھەقىقەتەن مەۋجۇتتۇر. شۇنداقلا، ئۇ بىز چۈشەندۈرگەن قانۇنىيەتلەر بويىچە ئىش قىلىدۇ، شۇنداقلا ئاسمان جىسىملىرى ۋە دېڭىز-ئوكيانلارنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىنى يېتەرلىك دەرىجىدە چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://redlightrobber.com/red/links_pdf/Isaac-Newton-Principia-English-1846.pdf

ئەقىللىق توشقانچاق

ئەقىللىق توشقانچاق

ئا. ئەركىن

بۇرۇنقى زاماندا بىر توشقانچاق بار ئىكەن. ئۇ توشقانچاقنىڭ ئىسمى چاققانجان ئىكەن. چاققانجان ئىسمى-جىسمىغا يارىشا راستتىنلا بەك چاققان ئىكەن. ھەممە ئىشنى ھەم تېز، ھەم توغرا ھالەتتە قىلىپ پۈتتۈرىدىكەن. شۇڭلاشقا، ئورمانلىقتىكى ھەممە ھايۋانلار توشقانچاقنىڭ چاققانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇيدىكەن. چاققانجان بەك چاققان بولغاچقا، شىر، يولۋاس، پىل، زىراپە قاتارلىق يوغان ھايۋانلار دائىملا چاققانجاننى ماگىزىنلارغا بېرىپ ئۆزلىرى ئۈچۈن نەرسە سېتىۋېلىپ كېلىشكە بۇيرۇيدىكەن.

ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق بولغان كۈنلەردىن بىرىدە پىل ئاكا چاققانجاننىڭ ئۆيىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ھەي چاققانجان، بۇياققا چىققىنە — دەپتۇ. چاققانجاننىڭ ئۆيى ئېگىز دۆڭلۈككە جايلاشقان بولۇپ، چاققانجان دۆڭلۈكنى كولاپ ئۆزىگە ھەم كەڭرى، ھەم راھەت ئۇۋا ياسىۋالغان ئىكەن. پىلنىڭ ئۆزىنى چاقىرىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ، چاققانجان ئۆيىدىن دەرھال بېشىنى چىقىرىپ:

— مانا مەن پىل ئاكا، نېمە ئىش ئىدى؟ — دەپتۇ.

— چاققانجان، ئوغلۇم بىلەن قىزىم ئىسسىقتا بەك قىينىلىپ كەتتى. ئۇخلىغىلى ئۇنىماي تولا يىغلاپ مېنى بەك ھارغۇزىۋەتتى. مەھەللە دوقمۇشىدىكى ماگىزىنغا بېرىپ ماروژنىدىن تۆتنى ئەكىلىپ بەرگىنە!- دەپتۇ پىل ئاكا.

— پىل ئاكا، ماروژنى ئۇسسۇزلۇقنى باسمايدۇ، ماروژنى يېگەندىن دوغاپ ئىچسۇن، دوغاپ ئۇسسۇزلۇق باسىدۇ، — دەپتۇ چاققانجان.

— ھازىر ھاۋا ئىسسىق بولغاچقا دوغاپ بەك قىممەتلەپ كەتتى، يېنىمدا كۆپ پۇل يوق، ماروژنى ئەكىلىۋەرگىن بولدى، — دەپتۇ پىل.

— يېنىڭدا پۇل بولمىسا مەندە بار، دوغاپ ئەكىلەي، نېسى پۇلنى تاپقاندا قايتۇرۇۋەتسەڭ بولىدۇ، — دەپتۇ چاققانجان.

— ھا، ھا، ھا، سەن بەك مەرت جومۇ چاقانجان، بولدۇ، شۇنداق بولسۇن، — دەپتۇ پىل ئاكا.

— ئەمسە مەن تېزلا بىربىر ئېلىپ كېلىمەن پىل ئاكا، ھويلاڭدا مېنى ساقلاپ تۇرغىن، — چاقانجان شۇنداق دېگىنىچە ئۈۋىسىدىن چىقىپ يۈگۈرگەن پېتى ماگىزىنغا قاراپ يول ئاپتۇ.

چاقانجان ماگىزىنغا بولۇشىغا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتسا، توساتتىن بىر بۆركۆت ئۇنى ئۇۋلاش ئۈچۈن قاناتلىرىنى كەرگەن پېتى ئۇچۇپ كەپتۇ.

— بۆركۆتۋاي، قولۇڭنى تارت، مېنىڭ نېمە ئىشقا ماڭغىنىمنى بىلەمسەن؟ — دەپتۇ چاقانجان ئۆزىنى يەۋەتمەكچى بولۇپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقان بۆركۆتكە.

— نەگە ماڭساڭ مېنىڭ نېمە كارىم، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى، توشقان گۆشىنى يەپ قورسىقىمنى توقلىمىسام بولمايدۇ، — دەپتۇ بۆركۆتۋاي.

— ھەددىڭ ئەمەس! مەن پىل ئاكىنىڭ ئىشىنى بېجىرىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمەن. يولۋاس بىلەن شىر ئاكىلىرىمۇ كەينىمدىن كېلىۋاتىدۇ. سەن مېنى يەيمەن دېسەڭ پىل ئاكا سېنى ھەرگىز بوش قويىۋەتمەيدۇ. يولۋاس بىلەن شىر ئاكىلىرىمۇ كەينىمدىنلا كېلىۋاتىدۇ، مېنى ھەرگىز يېيەلمەيسەن، — دەپتۇ چاقانجان.

— تولا ۋالاقشىما، پىل بولامدۇ، شىر، يولۋاس بولامدۇ، مەن ھېچقايسىدىن قورقمايمەن، سېنى يېگىنىم يېگەن، — دەپتۇ بۆركۆت.

— ھە كۆردۈڭمۇ، شىر بىلەن يولۋاس يېقىنلاپ كېلىپ قالدى ئەنە، — دەپتۇ توشقان.

— يالغان سۆزلىمە، مەن ئاسماندا سېنى كۆزلىتىپ ئۇچۇۋاتقىلى خېلى بولدى، سېنىڭ كەينىڭدىن شىر بىلەن يولۋاس ئەمەس، بىرەر تال قۇرۇت-قوڭغۇزمۇ كېلىۋاتقىنى يوق، — دەپتۇ بۆركۆت.

— سەن مېنى يېيىش بىلەن بولۇپ كېتىپ كەينىمدىن كېلىۋاتقان شىر بىلەن يولۋاس ئاكىلارنى كۆرمەي قالغان ئوخشايسەن. گېپىمگە ئىشەنمىسەڭ، بىرئاز ئاسمانغا ئۆرلەپ ئاندىن پەسكە قارىغىن، شىر بىلەن يولۋاسنىڭ يېقىنلا يەردە بىز تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرىسەن، — دەپتۇ چاقانجان.

— قېنى مەن قاراپ باقاي، قېچىپ كەتمەي تۇرۇپ تۇر ھە، — دەپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ بۆركۆت.

پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن چاقانجان تېزلىك بىلەن يېقىن جايدىكى بىر قېرى دەرەخنىڭ كامىرىغا كىرىۋاپتۇ.

بۈركۈت ئاسمانغا ئۆرلەپ پەسكە قارىسا، توشقاننىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان يولۋاسمۇ، شىرمۇ يوق ئىكەن.

— توشقان دېگەن يالغانچى مېنى ئالداپتۇ-دە، خەپ سېنى، هازىرلا يېۋەتمىسەم، — دەپ غەزەپ بىلەن پەسكە شۇڭغۇپتۇ بۈركۈت. ئەمما، يېقىنلاپ كېلىپ قارىسا توشقان يوق تۇرغۇدەك.

— بۈركۈتۋاي، سەن بەك دۆتكەنسەن، ساڭا مېنى يېيەلمەيسەن دېمىدىممۇ؟ سەندەك دۆت بۈركۈتلەر هەرگىزمۇ مەندەك ئەقىللىق توشقاننى يېيەلمەيدۇ، ها ها ها،— دەپتۇ چاققانجان دەرەخنىڭ كامىرىدا تۇرۇپ.

— ئالدامچى توشقان، قېنى سەن، بۇ ياققا چىق، — دەپ ۋارقىراپتۇ بۈركۈت.

چاققانجان ئەمدىلىكتە بۈركۈت مېنى تېپىۋالمىسۇن دەپ، ئۇنىڭ گېپىگە جاۋاپ بەرمەي جىممىدە تۇرۇۋاپتۇ.

بۈركۈت چاققانجاننى توختىماي چاقىرىپتۇ، توشقان تېنۋش چىقارماستىن دەرەخنىڭ كامىرىدا جىممىدە تۇرۇۋاپتۇ.

بۈركۈت چاققانجاننى ساقلاپ ـ ساقلاپ، چاقىرىپ ـ چاقىرىپ بەكمۇ ھېرىپ، قورسىقى تېخىمۇ ئېچىپ، تارتىشىپ كېتىپتۇ. ئاقىۋەتتە، چاققانجاننى يېيىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئۇچۇپ كېتىپ قاپتۇ.

بۈركۈت ئۇچۇپ كەتكەندىن كېيىن، چاققانجان دەرھال مۆكۈنۈۋالغان دەرەخ كامىرىدىن چىقىپ، دوغاپ ئېلىش ئۈچۈن دۇككانغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. ئاندىن، تۆت قاچا دوغاپنى ئېلىپ پىلنىڭ ھويلىسىغا كەپتۇ. چاققانجان دوغاپنى ئېلىپ يېتىپ كېلىپ، پىل بىلەن بىللە دوغاپ ئىچكەچ بولغان ۋەقەلىكنى پىلغا دەپ بېرىپتۇ. ئىككەيلەن بولغان ۋەقەنى دېيىشكەچ قاقاھلاپ تازا كۈلۈشۈپتۇ، بالا پىللارمۇ چاققانجاننىڭ قورقماس ۋە ئەقىللىقىگە مەھلىيا بولۇپ، ئۇنى دۈمبىسىگە چىقىرىپ خورتۇمى بىلەن ئاسمانغا ئېتىپتۇ.

مسلىسىز ئويغىنىش
سىزنىڭ توردىكى ۋە رېئاللىقتىكى
خاراكتېرلىرىڭىز قانچىلىك پەرقلىق؟
توماس كاموررو

سىزنىڭ توردىكى ۋە رېئاللىقتىكى خاراكتېرلىرىڭىز قانچىلىك پەرقلىق؟

توماس كامورو

قىلمىشىمىز بىزنى تەبىرلەيدۇ. لېكىن، رەقەملىك قىلمىشلىرىمىزغا قارىتا، بۇ گەپ قانچىلىك توغرا؟ بىز توردا رېئاللىقتىكىگە ئوخشاشمۇ؟ ئىنتېرنېت مەيدانغا كەلگەن دەسلەپكى چاغلاردا، «توردىكى قىلمىشلىرىمىز ھەقىقىي دۇنيادىكى خاراكتېرىمىز توغرىسىدا ئانچە كۆپ ئۇچۇر بەرمەيدۇ» دېيىشكە بولاتتى. بۇ ئۇقۇم داڭلىق «"نيۇيوركلۇقلار» كارتونىدىكى «ئىنتېرنېتتا، ھېچكىم سېنىڭ ئىت ئىكەنلىكىڭنى بىلمەيدۇ» دېگەن ماۋزۇ سەۋەبلىك داڭ قازانغانىدى.

ئىنتېرنېتنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى ئەھمىيىتىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، بىز نامسىزلىقنى، شۇنداقلا توردا ئۆزىمىزنىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتىنى يوشۇرۇش ئىستىكىنى تەرك ئەتتۇق.

دەرۋەقە، ھازىر توردىكى پائالىيەتلەر بىزنىڭ رېئال تۇرمۇشىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلاندى. ئەنگلىيە ئالاقە باشقۇرۇش ئىدارىسىغا كۆرە، ئەنگلىيەدىكى قۇرامىغا يەتكەنلەر ھازىر بىر ھەپتىدە يىگىرمە سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىتنى توردا ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ، بۇ ئون يىل ئالدىدىكىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە توغرا كېلىدىكەن. ئامېرىكاغا قارىتامۇ شۇنىڭغا يېقىن كېلىدىغان ستاتىستىكا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تورغا سەرپ قىلىنغان ۋاقىتنىڭ ئەڭ كۆپى (تەخمىنەن 30 پىرسەنتى) ئىجتىمائىي ئالاقە تورلىرىغا ئاجرىتىلىدىكەن.

(ئالدىن تەييارلانغان سىنارىيەگە ئاساسلانمايدىغان) رېئال تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىدىكىگە ئوخشاش، سىز ئۇزۇن مەزگىل كۆزىتىلگەندە، توردا ساختا قىياپەتكە كىرىۋېلىش تېخىمۇ تەسلىشىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، خىزمەت مۇلاقىتى (يۈز تۇرانە سىناق)، تۇنجى قېتىملىق ئۇچرىشىش ۋە يېمەك زىياپىتى قاتارلىق قىسقا مۇددەتلىك پائالىيەتلەردە، مەقسەتلىك ئالداش ۋە تەسىرنى كونترول قىلىش نىسبەتەن ئاسانغا توختايدۇ. ھەممىمىزنىڭ خاراكتېرىمىزنىڭ يارقىن تەرىپىنى نامايەن قىلىدىغان ۋە ئىجتىمائىي ئەدەپكە رىئايە قىلىدىغان كۆزنىكىمىز بار، لېكىن، ھاياتىمىزنىڭ خېلى زور قىسمى توردا نامايەن بولسا، قانداق ئىش يۈز بېرىدۇ؟

گەرچە بىزنىڭ كىملىكىمىز تور كۆرگۈچىمىزنىڭ زىيارەت خاتىرىسىدىن ئىبارەت بولمىسىمۇ، بىزنىڭ توردا نېمىلەرنى ئىزدىگەنلىكىمىز، قايسى تور بەتلەرنى زىيارەت قىلغانلىقىمىز، ئېلىخەتلىرىمىز ۋە تور يۈزىدىكى پائالىيەتلىرىمىزدە يەنىلا خاراكتېرىمىزنىڭ ئىزنالىرى بار. رەقەملىك دەۋر يېتىپ كەلمەستە، كىملىكىمىز، ئۇسلۇبىمىز ۋە قىممەت قاراشلىرىمىز ئاساسلىقى ماددىي بايلىقلىرىمىز ئارقىلىق نامايەن بولىدىغان بولۇپ، پىسخولوگلار بۇنى «كېڭەيمە ئۆزلۈك» (extended self) دەپ ئاتايتتى. لېكىن، ئىنسانلار ئەقلىي يەكۈنلەش ئارقىلىق، ئاندىن بۇ سىگناللارنى خاراكتېر ئۆچۈرلىرىغا ئايلاندۇرۇپ چۈشىنەلەيتتى.

هازىر بايلىقلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنى غەيرىي ماددىيلاشتى. كانادانىڭ يورك ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى داڭلىق ئىستېماڭچىلار پىسخولوگى رۇسېل بېلكنىڭ (Russell W Belk) ئېيتقىنىدەك، «ئۆچۈرلىرىمىز، ئالاقىلىرىمىز، رەسىملىرىمىز، ۋىدىيولىرىمىز، ھېسابلاشلىرىمىز، قىسقا ئۆچۈرلىرىمىز، يازغان خەتلىرىمىز ۋە سانلىق مەلۇماتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنى ئەمدىلىكتە ــ تاكى بىز ئۇلارنى چىللاپ چىقمىغۇچە ــ كۆرۈنمەيدىغان، غەيرىي ماددىي ھالەتكە كەلدى. ئۇلار كىشىنىڭ ئېلېكترونلۇق ئېقىمىدىن ھەمدە شۇ جايدا ياكى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن بولغان تور بوشلۇقلىرىدا ساقلىنىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن بولغان <نۆل>لىرىدىن تەركىب تاپقان.»

پىسخولوگىيەلىك نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۇ غەيرىي ماددىي رەقەملىك جىسىملار بىزنىڭ ماددىي مال-مۈلۈكلىرىمىزدىن پەرقلەنمەيدۇ، ھەر ئىككىسى كىملىكىمىزنىڭ مۇھىم تەرەپلىرىنى باشقىلارغا بىلدۈرۈشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ، بۇ كىملىك نامايەندىلىرى رەقەملىك ئىناۋىتىمىزنىڭ (digital reputation) يادرولۇق ئامىللىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. زور مىقداردىكى ئىلمىي تەتقىقات بىزنىڭ رېئال دۇنيادىكى كىملىكىمىزنى رەقەملىك دۇنياغا كۆچۈرۈپ ئاپىرىدىغانلىقىمىزنى گەۋدىلەندۈردى. بۇ تەتقىقاتلارنىڭ ئورتاق تېمىسى شۇكى، ئىنتېرنېت بىزنى كۆندىلىك تۇرمۇشنىڭ رېئاللىقىدىن قېچىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ كۆپىنچە ھاللاردا يەنىلا (رېئال دۇنيادىن تامامەن ئاجرىغان بىر دۇنيا بولماستىن) رېئال دۇنيانىڭ تەقلىدىدۇر.

ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بىزنىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىكى تىپىك پائالىيەت ئەندىزىمىزنى ئىلمىي خاراكتېر سىنىقىدىكى نومۇرلار ئارقىلىق توغرا مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ. بۇ تەتقىقاتنى دوكتور مىچال كوسىنسكىي (ھازىر ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدا) باشچىلىقىدىكى كەمبرىج پسىخومېترىكا مەركىزى ئېلىپ بارغان. مەسىلەن، تەتقىقاتتا كۆرسىتىلىشىچە، فېيسبۇكتىكى «ياقتۇرۇش» كونۇپكىسىنى بېسىش بىزنىڭ ئىجتىمائىيلىق، پاراسەت ۋە ئېھتىياتچانلىق دەرىجىمىزنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تاللاپ چىقىلغان تۋىتېر يازمىلىرى كىشىلەرنىڭ قانچىلىك «ئىجتىمائىي» ۋە ھېسسىيات جەھەتتە قانچىلىك مۇقىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. بۇنى تۋىتېر يازمىسىنىڭ مەزمۇنىنى (خاراكتېر سىزنىڭ قايسى سۆزلەرنى ئىشلىتىشىڭىز مۇمكىنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ)، شۇنداقلا

كىشىلەر يوللىغان تىۋىتېر يازمىلىرىنىڭ سانى ۋە ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ سانىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق قىلغىلى بولىدۇ. تىۋىتېر ئارقىلىق يەنە كىشىلەرنىڭ خاراكتېرىنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى، مەسىلەن قانچىلىك ۋاستە تاللىماس، ئەسەبىي ياكى ئۆزمەپتۇن ئىكەنلىكىنىمۇ بىلگىلىمۇ بولىدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت، تەتقىقاتلار بىزنىڭ تاراتقۇ مايىللىقىمىز ۋە توردىن مال سېتىۋېلىش قىلمىشلىرىمىزنىڭمۇ خاراكتېرىمىزنىڭ ئامىللىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. شۇڭلاشقا كومپيۇتېر ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىرىلغان ھېسابلاش ئۇسۇلى سىزنىڭ نېتفلىكستا نېمىلەرنى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى، Spotify دا نېمىلەرنى ئاڭلايدىغانلىقىڭىزنى ياكى ئامازوندا نېمىلەرنى سېتىۋالىدىغانلىقىڭىزنى پەرەز قىلىپلا قالماي، بۇنىڭ سەۋەبىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلىشى مۇمكىن. ئۆز تەتقىقاتلىرىمىزمۇ خاراكتېر بىلەن سەنئەت ۋە مۇزىكا جەھەتتە نۇرغۇن باغلىنىش بارلىقىنى گەۋدىلەندۈردى.

ئامېرىكا پسىخولوگىيەسىنىڭ ئاتىسى ۋىلىيام جېيمس بىزنىڭ ئۆزىمىز دۇچ كەلگەن ئەھۋاللارنىڭ باراۋىرىدە كۆپ خىل خاراكتېرىمىز بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. گەرچە بىزنىڭ رەقەملىك سالاھىيىتىمىز (بىر پۈتۈن ھالەتتە بولماستىن) پارچىلىنىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن بولسىمۇ، ئەمما بىزنىڭ توردىكى ھەر خىل روللىرىمىزنىڭ رېئاللىقتىكى ئاشۇ خىل خاراكتېرنىڭ رەقەملىك ۋارىيانتى، يەنى ئاشۇ خىل يادرولۇق ئۆزلۈكنىڭ ئوخشىمىغان ئالامەتلىرى ئىكەنلىكى ئېنىق.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.theguardian.com/media-network/2015/sep/24/online-offline-personality-digital-identity

جورج ئورۋېل ئەقلىيە سۆزلىرىدىن ئارىيە

جورج ئورۋېل ئەقلىيە سۆزلىرىدىن ئارىيە

يالغان - ياۋىداق زامانىدا ھەقىقەتنى سۆزلەش — ئىنقىلاپ ھەرىكىتى قوزغىغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

(ئەسلىدە ھەق سۆزلەش ئىنسانىي خىسلەتتۇر. ئەمما، جاھان يالغان ۋە ساختىپەزلىك بىلەن تولغان چاغدا، ھەق سۆزلىگۈچى سەۋەبلىك شۇ جەمئىيەتتىكى ھاكىمىيەتلەق كۈچلەر بىئارام بولۇپ، ھەق سۆزلىگۈچى كىشىنى ئۆزىگە قارشى ئىنقىلاپ قىلماقچى بولغان خەتەر مەنبەسى دەپ بىلىپ، بۇ «ئىنقىلاب»نى غەلبىلىك باستۇرۇپ تۈگىتىش ھەرىكىتىگە جىددىي ئاتلىنىدۇ.-ت)

ھەر بىر دەۋردىكى كىشىلەر ئۆزىنى ئىلگىرى ئۆتكەن دەۋردىكى كىشىلەردىن ئەقىللىق دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. شۇنداقلا، ئۇلار ئۆزىنى كېيىنكى دەۋردە كېلىدىغانلاردىن دانىراق دەپ ئويلايدۇ.

ئۇرۇش دېگەن تىنچلىقتۇر. ئەركىنلىك قۇللۇق دېمەكتۇر. جاھالەت كۈچتۇر.

(ئاپتور بۇ يەردە دىكتاتورلارنىڭ خەلقنى ئىدارە قىلىش پەلسەپىسىنى بىر نەچچە جۈملىگە يىغىنچاقلاپ بايان قىلغان. دىكتاتورلار ھەقىقەتنىڭ ئەكسىنى ھەقىقەت دەپ سۆزلەش ئارقىلىق خەلقنى ئالدىماقچى ۋە قۇل قىلماقچى بولىشىدۇ.-ت)

ھايات بەكمۇ ئاددىي. ئەمما، بىز ھاياتنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىشتە چىڭ تۇرۇۋالىمىز.

(ھاياتنى مۇرەككەپلەشتۈرگەنلىك سەۋەبلىك، ئىنسانلارنىڭ قەرزى بارغانچە ئېشىپ، ۋاقتى بارغانچە قىسلاشماقتا. غېمى كۆپىيىپ، ئىنسانلار ئارىسىدىكى مېھىر-مۇھەببەت سۇسلاشماقتا. ئاددىي ھايات — ئاسان ھايات دېمەكتۇر.-ت)

ئۆرۈش دېگەن ئۆرۈشتۇر. ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاشۇ ئۆرۈشتا ئۆلگىنىدۇر.

تۆنۈگۈن يىقىلىپ چۈشكەن بولساڭ، بۈگۈن ئورنىڭدىن تۇرغىن.

(ھاياتلىقتا ئوڭۇشسىزلىق، مەغلۇبىيەتلەر بولۇپ تۇرىدۇ. تۆنۈگۈنكى مەغلۇبىيەت سەۋەبلىك بۈگۈنىڭىزنىمۇ قۇربان قىلىۋەتمەڭ. مەغلۇبىيەتلەر ئۆتمۈشتە قالسۇن، دەس تۇرۇڭ كەلگۈسىڭىز ئۈچۈن يول ئېلىڭ.ـ ت)

بىر ئىشنى يوشۇرۇن تۇتماقچى بولساڭ، ئۇنى ئۆزۈڭدىنمۇ يوشۇرۇشۇڭ كېرەك.

ئىنسان بولۇشنىڭ ماھىيىتى — كىشىنىڭ مۇكەممەللىك قوغلاشماسلىقىدۇر.

ئۆزۈڭ ياشىغان جايىڭدا قىلالايدىغان ئىشىڭنى ئۆزۈڭدە بار شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ قىلىپ روياپقا چىقارغىن.

تۆنۈگۈن — بۈگۈننىڭ ئەسلىمىسىدۇر. ئەتە — بۈگۈننىڭ چۈشىدۇر.

ئىنسان ھاياتنىڭ نىشانىنى بەخت دەپ ئويلىۋالمىغاندىلا، ئاندىن بەختلىك بولالايدۇ.

تۆت پۇتلۇقلار ياخشى، لېكىن ئىككى پۇتلۇقلار ناچار.

(بۇ دىكتاتورلارنىڭ ئىنسانىنى ھايۋانچىلىكمۇ كۆرمەيدىغان، ئىنسانلارنى ئۆزىگە دۈشمەن ۋە زىياندا دەپ قارايدىغان ۋەھشىيانى ئىچكى دۇنياسىنىڭ سىمۋوللۇق ئىپادىلىنىشىدۇر.ـ ت)

ئەركىنلىك دېگەن — كىشىلەرگە ئۇلار ئاڭلاشنى خالىمايدىغان گەپلەرنى ئېيتىش ھوقۇقىدۇر.

(كىشىلەر ئاڭلاشنى خالايدىغان گەپلەرنى دېيىشنىڭ ئۆزىلا ئۆزى خالىغان گەپنى دېيەلمىگەنلىكتۇر. بۇ ئەركىنلىكنىڭ بوغۇلغانلىقى ھېسابلىنىدۇ.ـ ت)

بەزى ئىدىيەلەر ئىنتايىن خاتا بولۇپ، ئۇنىڭغا پەقەت دانا كىشىلەرلا توغرا دەپ ئىشىنىدۇ.

(نۇرغۇن كىشىلەر بەزى ئىدىيەلەرنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا زېھنى يەتمىگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۇنى خاتا دەپ رەت قىلىدۇ. دانا كىشىلەر ئۆزى توغرا كۆرگەن ئىدىيەدىن — مەيلى قانچە كۆپ كىشى ئۇنىڭغا قارشى چىقسۇن — ۋاز كەچمەيدۇ. دانا كىشىلەر بىر ئىدىيەنىڭ توغرا خاتالىقىغا كىشىلەرنىڭ ئۇ ئىدىيەگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىغا قاراپ تۇرۇپ باھا بەرمەيدۇ.ـ ت)

مەن ھاياتىمنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا گېزىتلەردە ھېچقانداق بىر ۋەقە ـ ھادىسىنىڭ ئەسلى ماھىيىتى بويىچە توغرا بايان قىلىنمايدىغانلىقىنى بايقىغان ئىدىم.

ئۆرۈشنى ئاخىرلاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ تېز يولى، ئۇ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇشتۇر.

ھايات — سەن باشقا پىلانلار بىلەن ئالدىراش يۈرگەندە يۈز بەرگەن ئىشلاردۇر.

بىز كۈنلەرنى ئەسلىيەلمەيمىز، بىز پەقەت پەيتلەرنى ئەسلىيەلەيمىز.

ھ. ئىبراھىم تەييارلىدى

مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار راستىنلا تۈگمەس تالاش-تارتىشلار ئىچىدە ئۆتىۋاتامدۇ؟

دوختور مەمەت ئىمىن

مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار راستىنلا تۈگىمەس تالاش - تارتىشلار ئىچىدە ئۆتتىۋاتامدۇ؟

دوختۇر مەمەت ئىمىن

ئۇيغۇرلاردىن بەزى كىشىلەر «دىئاسپورادىكى ئۇيغۇرلار نېمە ئۈچۈن پۈتمەس - تۈگىمەس تالاش - تارتىش ۋە ئايىغى چىقماس جېدەل - ماجرا پاتقىقىغا پېتىپ قالىدۇ؟ بۇنى ھەل قىلىشنىڭ بىرەر چارىسى يوقمۇ؟» دېگەندەك ئەندىشىلىك سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئازابلىنىدىغان، بەزىلەر بولسا بۇنداق قىيىن سوئاللاردىن روھى چۈشىدىغان ئەھۋاللار ئەتراپىمىزدا پات - پات كۆرۈلۈپ، كۆپلىگەن كىشىلەرنى گاڭگىرىتىپ، بىئارام قىلىپ تۇرىۋاتىدۇ. بىز بۇ ھەقتە بەزى ئانالىزلارنى قىلىپ خەلقىمىزگە سۇنۇشنى ۋە كۆز قاراشلىرىمىزنى ئورتاقلىششنى لايىق كۆرىمىز.

نورمالدا ھەر قانداق بىر توپلۇم ياكى مىللەت ئىچىدە تالاش - تارتىشلار ۋە جېدەل - ماجرالار بولۇپ تۇرىدىغان بولۇپ، ھەر قانداق دۆلەتتىكى قانۇن - تۈزۈملەر شۇنىڭ ئۈچۈن مەۋجۇت بولىدۇ. ئەمما، كۆپىنچە دۆلەت ۋە مىللەتلەردە بۇ خىل ئەھۋاللار ئومۇملۇققا ئىگە بولمىغان تارقاق ئەھۋال بولۇپ، ئاساسي ئېقىم ئەمەس. مۇستەقىل دۆلىتى بار خەلقلەرنىڭ كۆپۈنچىسى ئۆزلىرىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن ھەق - ھوقۇقلىرىدىن ئەركىن بەھرىمەن بولغاچقا، ئۇلار ۋاقتىنى ئۆزلىرىنىڭ نورمال ھاياتىغا، خىزمىتىگە ۋە باللىرىنى تەربىيلەشكە سەرپ قىلىدۇ. كۆپلىگەن تالاش - تارتىشلار نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەتسىز ۋە ئۇلارنىڭ نورمال ھاياتىغا كۆپ تەسىر كۆرسەتمەيدىغان بولغاچقا، پەقەت بىر قىسىم مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر ياكى تالاش - تارتىشلارغا قىزىقىدىغان كىشىلەر بۇنداق تالاش تارتىش ۋە جېدەل - ماجرالاغا قاتنىشىدۇ. ئەمما، نورمالدا قانۇننىڭ كونتروللىقىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ. بۇ ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتسىز ياكى تالاش تارتىشقا قىزىقمايدىغان كىشىلەر ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، نورمال ھاياتىنى داۋام قىلىۋېرىدۇ. ئەلۋەتتە، بەزىدە بۇ تالاش - تارتىش ۋە جېدەل - ماجرالار كېڭىيىپ، ئېغىرلىشىپ، كەڭ كۆلەملىك توقۇنۇش ياكى ئىچكى ئۇرۇشقا ئايلىنىشى مۇمكىن.

تۈگىمەس تالاش - تارتىش ۋە ئاخىرى چىقماس جېدەل - ماجرالارنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئىدىئولوگىيە، قىممەت قاراش، پايدا - مەنپەئەت، كۈچ تەقسىماتى ۋە سىياسى مەيدان جەھەتتىكى پەرقلەر بولۇپ، كۆپۈنچە ئەھۋالدا تالاش - تارتىشلار كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ۋە ھەل قىلىش قىيىن بولغان مەسىلىلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

ئۇ ھەرگىزمۇ يالغۇز بىزدىلا مەۋجۇت ئەھۋال بولماستىن بەلكى ھەممە مىللەتتە مەۋجۇت ئەھۋال. پەقەت بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەھۋالىغا بەكرەك تونۇش بولغاچقا، ئۆزىمىزنىڭ ئەھۋالىغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلگەچكە ۋە باشقىلارنىڭ ئەھۋالىدىن ئۆزىمىزنىڭ ئەھۋالىدەك ئۇنداق خەۋەردار بولمىغاچقا، ئۇ ئەھۋاللار خۇددى بىزگىلا خاس ئەھۋالدەك بىلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، ئەگەر بىزدىكى ئەھۋال باشقىلار بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاشمۇ ئەمەس. بىزنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋالىمىز باشقىلاردىن پەرقلىق بولغاچقا، بۇ جەھەتتىمۇ ئەلۋەتتە پەرقلەر مەۋجۇت.

ئۇزۇن مۇددەت باشقىلارنىڭ مۇستەملىكىسىدە ياشىغان، بولۇپمۇ ئېغىر دەرىجىدە ئېرقى قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان بىزدىكى ئەھۋال، باشقا مۇستەقىل دۆلىتى بار ۋە خاتىرجەم ياشاۋاتقان مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىغا سېلىشتۇرغاندا كۆپ پەرقلىق ۋە مۇرەككەپ. بىزدىكى پۈتمەس-تۈگىمەس تالاش-تارتىش ۋە جېدەل-ماجىرالارنىڭ سەۋەبى كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇپ، ئۇنى بىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىن، جەمئىيەتشۇناسلىق، پىسخىلوگىيەلىك، ئىنسانشۇناسلىق قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمىلىك نۇقتىنەزەرلەردىن چىقىش قىلىپ ئانالىز قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ۋەتەنسىزلىكنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقان دىئاسپورادىكى ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن، ھازىر ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان تالاش-تارتىش ۋە جېدەل-ماجىرالارنىڭ كۆپۈنچىسى ۋەتەندىكى ۋەزىيەت ۋە مۇھاجىرەتتىكى دەۋانى چۆرىدىگەن بولۇپ، ئۇ ھەممەيلەننىڭ مەنپەئەتى ۋە ۋەتەننىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئۇ تالاش تارتىش ۋە جېدەل-ماجىرالارنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ياكى ئۇنىڭغا ئارلاشماي نورمال ھاياتىمىزنى ئۆتكۈزۈش قىيىن. چۈنكى ئارىمىزدىكى پەرقلىق ئىنسانلارنىڭ توغرا خاتاغا بولغان ئۆلچىمى باشقىچە بولۇپ، بىرسى توغرا كۆرگەن ئۇسۇل، يەنە بىرىگە خاتا تۇيۇلۇشى مۇمكىن. بولۇپمۇ دەۋانىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلۇشى، كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ۋەتەندىكى تۇققانلىرى بىلەن ئالاقە قىلالماسلىقى، خەلقىمىز ئارىسىدا ئېغىر دەرىجىدە ئۈمىتسىزلىك ۋە چۈشكۈنلۈك پەيدا قىلغاچقا، يۈزلەنگەن پاجىئەلەرنىڭ سەۋەبىنى تەشكىلاتلار ياكى دەۋا قىلىۋاتقان بەزى ئىنسانلارنىڭ خاتا يول تۇتقانلىقىدىن دەپ ئويلايدىغان كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەس. باشقىلار خاتا قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ ئۆزىنى تېخىمۇ ھەقلىق ھېس قىلىدىغان ۋە «ئىشلارنى مەن دېگەندەك قىلغان بولسا» ئەھۋال ھازىرقىدىن ياخشى بولاتتى دەپ ئويلايدىغانلار كۆندىن كۈنگە كۆپىيىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ۋەتەن-مىللەت دەۋاسىدىن كۆپچىلىك ئۈمىد قىلغان بىر نەتىجە چىقماي تۇرۇپ، بۇ تالاش تارتىش ۋە جېدەل-ماجىرالار قىسقا مۇددەت ئىچىدە توختىماسلىقى، ھەتتا ھازىرقىدىن ئېغىرلىشىپ ئۇزۇن مۇددەت داۋاملىشىشى مۇمكىن.

ئۇندىن باشقا، مۇستەملىكە زېمىندا ھاكىمىيەت يۈرگۈزىۋاتقانلار، ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسى ۋە خاتىرجەملىكى ئۈچۈن، ھەر خىل ۋاستە ۋە ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، خەلقنى شۇ خىل ئاخىرى چىقمايدىغان تالاش-تارتىش ۋە جېدەل-ماجىراغا مەشغۇل قىلىشقا تىرىشىپ كەلگەن بولغاچقا، ئارىمىزدىكى كۆپلىگەن كىشىلەر، بىلىپ بىلمەي، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئويۇنىغا كېلىۋاتىدۇ. كۆپچىلىككە مەلۇم بولغاندەك، خىتاي ھۆكۈمىتى مۇقىملىق ئۈچۈن ھەر يىلى نۇرغۇن مەبلەغ سالىدىغان بولۇپ، ئۇ مەبلەغنىڭ خېلى كۆپ قىسمى مېڭە يۇيۇشقا، پسىخلوگىيەلىك مونوپول قىلىشقا ۋە بىزنى ئۆزىمىزنىڭ يېغىدا ئۆزىمىزنىڭ گۆشىنى قورۇشقا سەرپ قىلىنىدۇ. مېڭە يۇيۇش ۋە پسىخلوگىيەلىك كونتۇرول قىلىش ئارقىلىق، ئىنسانلارنىڭ ئىدىيىسى، دۇنيا قارىشى ۋە تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش جەھەتتە نۇرغۇن تەجرىبىلەردىن ئۆتكەن ئۈنۈملۈك ئۇسۇللار بولۇپ، ئۇلار يالغۇز بىزگىلا ئەمەس، دۇنيادىكى بىزگە ئوخشاش باشقا مىللەتلەرگىمۇ ئالاھىدە ئۈنۈمىنى كۆرسەتكەن. نۇرغۇن دۆلەتلەردە داۋام قىلىۋاتقان ئىچكى توقۇنۇش ۋە جەمئىيەت مۇقىمسىزلىقى دەل مۇشۇ سەۋەبتىن بولۇپ، پسىخولوگىيىلىك تىزگىنلەش ۋە ھۇجۇملارنىڭ كۈچىگە ھەرگىز سەل قارىغىلى بولمايدۇ.

مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر جامائىتى ئارىسىدىكى بۆلۈنۈش ۋە بىھۇدە تالاش-تارتىشلارنىڭ زىيىنى ئازايتىش ئۈچۈن يەنىلا ئاق قارىنى بىلگەن، ئۆز ھېسسىياتى ۋە نەپسىنى مىللەتنىڭ چوڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن تىزگىنلىيەلەيدىغان ئويغاق كىشىلەر كۆپرەك باش قاتۇرۇشى ۋە كۆزقاراشتىكى ۋە ئۇسۇلدىكى قىسمەن پەرقلەرنى قايرىپ قويۇپ تۇرۇپ ئورتاق مەنپەئەت ئۈچۈن بىرلىشىدىغان يولنى يارىتىشى كېرەك.

مەدەنىيىتىمىزدە ئىسلام
ساغلام قەلب ۋە ھەقىقەت
يولىدا يالغۇز قېلىش
ئىمام ئىبنى قەييىم ئەلجەۋزىييە

ساغلام قەلب ۋە ھەقىقەت يولىدا يالغۇز قېلىش

ئىمام ئىبنى قەييىم ئەلجەۋزىييە

بەدەندىكى ھەر بىر ئەزا ئۆزىگە خاس پېئىللار ئۈچۈن يارىتىلغان. ھەر قايسى ئەزالارنىڭ ئۆزى ئورۇنداشقا تېگىشلىك بولغان پېئىللارنى ئورۇندىشى ئۇ ئەزانىڭ ساغلام ۋە مۇكەممەل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدەك، بەدەندىكى قايسى بىر ئەزانىڭ ئۆزى قىلىشى كېرەك بولغان پېئىلنى ئورۇندىماسلىقى، ياكى ناقىس ھالدا ئورۇندىشى ئۇ ئەزادا چاتاق بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، قولنىڭ نەرسىلەرنى تۇتۇشتىن قىيىنلىشى قولدا كېسەللىك بارلىقىنى؛ كۆزنىڭ قاراش ۋە كۆرۈشتە قىيىنچىلىققا ئۇچرىشى كۆزدە كېسەل بارلىقىنى؛ سۆزلەشكە قادىر بولالماسلىق تىلدا كېسەل بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بەدەننىڭ ساغلام بەدەنلەر ئورۇنداشقا تېگىشلىك پېئىللارنى ئورۇندىيالماسلىقى بولسا، بەدەندە كېسەللىك بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

قەلبنىڭ كېسەللىكىگە (يەنى قەلبتىكى مەنىۋى كېسەللىككە) كەلسەك، ئاللاھنى تونۇش، ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش، ئاللاھ بىلەن ئۇچرىشىشنى ئارزۇلاش، ئاللاھقا ئىخلاس بىلەن باغلىنىش قاتارلىقلار قەلبنىڭ ۋەزىپىسى بولۇپ، قەلب بۇ ۋەزىپىسىنى ياخشى ئورۇنداشنىڭ ئورنىغا، نەپسى-خاھىشىغا بويۇن ئېگىش يولىنى تۇتسا، ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشتىن ئاجىز كەلگەن كېسەل ئەزا جۈملىسىدىن سانىلىدۇ.

ئەگەر كىشى ھەممە نەرسىنى تونۇپ، رەببىنى تونىمىسا، بۇنداق كىشى ھېچنەرسىنى تونىمىغانغا باراۋەردۇر. ئەگەر كىشى دۇنيانىڭ ھوزۇر ۋە لەززەتلىرىگە دائىر ھەممە نەرسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگە، ئاللاھقا ئىنتىلىشكە، ئاللاھقا باغلىنىشقا نائىل بولالمىغان بولسا، بۇنداق كىشى ماھىيەت نۇقتىسىدىن ھېچبىر لەززەتكە، ھېچبىر نېمەتكە ۋە ھېچبىر خۇشاللىققا ئېرىشەلمىگەن كىشى ھېسابلىنىدۇ.

ئاللاھقا مۇھەببەت باغلاشتىن، ئاللاھنى ياخشى كۆرۈشتىن، ئاللاھقا ئىنتىلىشتىن مەھرۇم قالغان قەلب بۈيۈك نېمەتتىن مەھرۇم قالغان بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭدىن ئېشىپ، ئازاپقا مۇپتىلا بولىدۇ. بۇنداق قەلب ئۆزى نىمەت بىلىپ ئېرىشكەن دۇنياۋىي مەنپەئەت ۋە ئىمتىيازلار سەۋەبلىك ئىككى تەرەپتىن تەڭ ئازاپ تارتىدۇ. يەنى، (1) ئۆزى ئېرىشكەن ماددىي نىمەتلەر — ئەگەر ئۇز ئىلكىدە بولسا — ئۇنىڭ قولىدىن كېتىپ قېلىشىدىن ئەندىشىلىنىدۇ؛ ئەگەر ئۇ نىمەت قولدىن كەتكەن بولسا — ئۇنىڭدىن مەھرۇم قالغانلىقنىڭ ئازابىنى تارتىدۇ. (2) ئۆزى ئۈچۈن تېخمۇ خەيرلىك، تېخمۇ داۋاملىق بولىدىغان ئىشنىڭ — يەنى ئاللاھنى تونۇش ۋە ئاللاھنى ياخشى كۆرۈپ، ئاللاھقا باغلىنىشنىڭ — ئۆزىدە ھاسىل

بولماسلىقى سەۋەبلىك، قەلبىدىكى مەنۋىيەت بوشلۇقىنىڭ ۋە قەلبىدىكى قاراڭغۇ ـ زۇلمەتنىڭ قەلبنى بىئارام قىلىپ تۇرۇشىنىڭ ئازابىنى تارتىدۇ.

ھەر قانداق كىشى ئاللاھنى توغرا رەۋىشتە تونۇيالىسا، مۇتلەق رەۋىشتە ئاللاھنى ياخشى كۆرىدۇ. ئىبادەتلەرنى مۇتلەق ئىخلاس بىلەن ئاللاھ ئۈچۈن قىلىدۇ. ئاللاھنى توغرا رەۋىشتە تونۇپ، ئاللاھقا سەممىي مۇھەببەت باغلىغان كىشى ئەگەر ئۆزى ياخشى كۆرگەن بىر نەرسە ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ۋە ئۆزى بىلەن ئاللاھنىڭ دوستلۇقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان بولسا، ئۇ نەرسىگە (ئۇ ئىشقا) ئەسلا يېقىن يولمايدۇ. ئاللاھ ياخشى كۆرمەيدىغان بىر ئىشنى، كىشىنى ياكى نەرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ھەر قانداق كىشىنىڭ قەلبى كېسەل بولغان قەلبتۇر. بەئەينى مەينەت، ساغلاملىقنى زىيانلىق، ھارام نەرسىلەرنى يەپ ـ ئىچىشكە كۆنۈپ، بۇ نەرسىلەرنى پاك، ھالال نەرسىلەردىن بەكراق چوڭ بىلىپ، بۇلارنى ئۆزىگە قاچىلاشنى داۋام قىلغان ئاشقازاندا پاك ۋە ھالال نەرسىلەرگە نىسبەتەن ئىستەكسىزلىك، ئىشتاھسىزلىق ئوتتۇرىغا چىققىنىدەك، قەلبكە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋالمۇ دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

(باشقا ئەزالار كېسەل بولغانىدەك) قەلبمۇ كېسەل بولىدۇ، (باشقا ئەزالارنىڭ كېسەللىكى ئەدەپ كەتكەنىدەك) قەلبتىكى كېسەللىكمۇ ئەدەپ كېتىدۇ. لېكىن، قەلبنىڭ ئىگىسى ئۆز قەلبىنىڭ ساغلام ياكى ئەمەسلىكىگە، قەلبنىڭ ساغلام تۇرۇشىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆز قەلبىنىڭ كېسەل بولغانلىقىنى سېزەلمەيدىغان ئەھۋاللار كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ. ھەتتا قەلب، ئۇ قەلبنىڭ ئىگىسى ھېچ سەزمەستىنلا ئۆلۈشى مۇمكىن.

كىشىنىڭ قەلبىنىڭ ئۆلگەنلىكىنىڭ ئالامىتى — قىلغان گۇناھلىرىنىڭ قەلبنى ئازاپلاپ، بىئارام قىلماسلىقى، ھەقنى بىلىشتىكى جاھالىتىنىڭ ۋە باتىل چۈشەنچىلىرىنىڭ قەلبنى سىقماسلىقىدۇر. چۈنكى، ھاياتلىق ئالامىتى بولغان (ئۆلۈش گىردابىغا يېتىپ بارمىغان) قەلب قىلغان گۇناھلىرى سەۋەبلىك ئازاپلىنىدۇ. ئۆلمىگەن قەلب ھەقنى بىلىشتىن جاھالەتتە قېلىشى سەۋەبلىك، ئۆزىدىكى ھاياتلىق قانچىلىك نىسبەتتە بولسا، (ھەقنى بىلىشتىن جاھالەتتە قالغانلىقىغا) شۇ نىسبەتتە يۇچىلىنىدۇ.

بەزى قەلب ئىگىلىرى ئۆز قەلبىنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالىشى مۇمكىن. ئەمما، قەلبتىكى ئۇ كېسەلنى داۋالايدىغان دورىنىڭ ئاچچىق ـ قاڭسىقلىقىغا چىداشلىق بېرىش ئۇنىڭغا ئېگىسىگە قىيىن كېلىدۇ. قەلبى كېسەل بولغىنىنى سەزگەن كىشى بۇ خىل ئەھۋالدا ئاچچىق دورىنى چىداپ تۇرۇپ ئىچىپ قەلبىگە داۋا قىلىشىنىڭ ئورنىغا، قەلبىنىڭ كېسەل ھالىتىدە قېلىشىنى تاللىشى مۇمكىن. قەلب كېسەللىرىنىڭ چارىسى — ئارزۇ ـ ھەۋەسكە قارشى يول تۇتۇشتۇر. ئارزۇ ـ ھەۋەسكە قارشى يول تۇتۇش نەپسكە ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان ئىشتۇر. ھالبۇكى، نەپس ئۈچۈن ئارزۇ ـ ھەۋەسكە زىت يول تۇتۇشتىنمۇ پايدىلىق ئىش يوق.

كىشى بەزىدە ئۆز نەپسىنى سەبرگە كۆندۈرىدۇ. ئەمما، بىر مەزگىلدىن كېيىن كىشىدىكى قەتئىي ئىرادە زەئىپلىشىپ، بىلىمىنىڭ، بەسىرىتىنىڭ ۋە سەبرىنىڭ ئاجىز بولۇشى سەۋەبلىك، نەپسنى

سەبىرگە كۆندۈرۈشتە ئىزچىل بولالمايدۇ. بۇ كىشىنىڭ ھالىتى بەئەينى بەكمۇ بىختەر ماكانغا يەتكۈزىدىغان، ئەمما تولىمۇ خەتەرلىك بىر يولغا كىرگەن كىشىنىڭ ھالىتىگە ئوخشايدۇ. ئەگەر بۇ كىشى ئۆزى كىرگەن يولدا سەبىر قىلىشنى داۋام قىلسا، ئۇنىڭ يولنىڭ خەتىرى جەھەتتىكى قورقۇنچى ئاخىرلىشىپ، بىخەتەر ماكانغا يېرىۋالالايدۇ. بۇ خىل گۈزەل نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، مەزكۇر كىشى سەبىرنىڭ كۈچى ۋە ئۇ ئارقىلىق قانداق نەتىجىگە ئېرىشىدىغانلىقى توغرىسىدا قەتئىي چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشقا ئېھتىياجلىقتۇر. بۇ كىشىنىڭ سەبرى ۋە سەبىرنىڭ گۈزەل ئاقىۋىتى ھەققىدىكى چۈشەنچىسى ئاجىزلاشقاندا، يولنىڭ مۇشەققىتىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، يولىدىن يېنىپ، كەينىگە قايتىپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ، يېنىدا بىر ھەمراھى بولمىسا، يالغۇزلۇق تۇيغۇسى سەۋەبلىك «(ئۆزىنىڭ ياخشى يولدا ماڭىدىغانلىقىنى داۋا قىلىدىغان) ئىنسانلار قېنى؟ مەن ئۇلارنى ئۆزۈمگە ئۈرنەك ئالالايتتىمغۇ؟» دەپ ئۆز-ئۆزىگە خىتاپ قىلىشقا باشلىسا، ئاقىۋەتتە يولىدىن قايتىپ كېتىدۇ. كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ھالاكەت يولىغا توغرىلىشى مانا مۇشۇنداق كېلىپ چىقىدۇ.

دۇرۇست ۋە ئەقىل كۆزى ئېچىلغان كىشى ئاللاھ ئىلىم ۋە ھىدايەت نېمىتى ئاتا قىلغان پەيغەمبەرلەرنىڭ، سىددىقلارنىڭ، شەھىدلەرنىڭ ۋە سالىھلارنىڭ يولىدا ئۇلارنىڭ — بۇ گۈزەل ئۆرنەكلەرنىڭ — ئۆزى بىلەن بولغان مەنىۋىي دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ھېس قىلىپ تۇرۇپ مۇستەھكەم ماڭىدۇ. ئۆزىگە مۇۋاپىقلاشقان ئىنسانلارنىڭ سانىنىڭ ئازلىقىمۇ، بۇ يولنى تاللىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىدىن ئايرىلىپ كەتكەن ئىنسانلارمۇ ئۇنىڭ بۇ يولىدىن يالتىيىپ قېلىشىغا سەۋەب بولالمايدۇ. بەندىنىڭ، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ماڭغان يولدا يالغۇز قېلىشى، ئۇنىڭ بۇ نىيىتىدىكى (ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش نىيىتىدىكى) سەمىمىيىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل جۈملىسىدىندۇر.

فەقىھ ئىسھاق ئىبنى راھۇۋەيە بىر مەسىلە ھەققىدە سورالغان سوئالغا جاۋاپ بەرگەن ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا «سەپداشلىرى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلمۇ بۇ مەسىلە ھەققىدە سىلى بىلەن ئوخشاش قاراشتا» دېيىلدى. ئىسھاق ئىبنى راھۇۋەيە بۇنىڭغا جاۋابەن «مەن بۇ مەسىلىدە ھېچكىمنىڭ مەن بىلەن ئوخشاش قاراشتا ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم» دېدى. ئۇ ئاشۇ مەسىلىدىكى ھەق ئۆزىگە زاھىر بولغاندىن كېيىن، باشقا ھەممە ئالىمنىڭ ئۇ جەھەتتە ئۆزى بىلەن ئوخشاش قاراشتا بولمىغانلىقى سەۋەبلىك يالغۇز قېلىشىغا ئاھ ئۇرۇپ يۈرمىگەن ئىدى. چۈنكى، ھەقىقەت ئوتتۇرىغا چىقىپ، كىشىگە ئېنىق بولغاندا، ئۇنىڭ راستىنلا ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى باشقىلارنىڭمۇ تەستىقلاپ بېرىشىگە (ئەقىل كۆزى ئېچىلغان، ھىدايىتى ساغلام كىشى) ئېھتىياج ھېس قىلمايدۇ. كۆز قۇياشنى كۆرگەندەك، ساغلام قەلبمۇ ھەقنى كۆرىدۇ. كىشى قۇياشنى كۆرگەندىن كېيىن، قۇياشنىڭ راستىنلا چىققانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىش جەھەتتە ئۆزى تەرەپتە تۇرۇپ گۇۋاھلىق بېرىدىغان، بۇ جەھەتتە ئۆزى بىلەن ئوخشاش قانائەتتە بولىدىغان ھەر قانداق بىرىگە ئېھتىياج ھېس قىلمايدۇ.

ئىبنى قەييىم ئەلجەۋزىييەنىڭ «ئىغاسەتۇل لەھفەن» ناملىق ئەسىرىدىن پەرۋاز ئۇيغۇر تەرجىمە قىلدى

خىتاي ـ چاۋشيەن مۇناسىۋەتلىرىگە نەزەر

كلارا فوڭ، ئېلىنور ئالبېرت

ختاي ـ چاۋشيەن مۇناسىۋەتلىرىگە نەزەر

كلارا فوك، ئېلىنور ئالبېرت

قىسقىچە مەزمۇنى

ختاي چاۋشيەننىڭ ئەڭ مۇھىم ياردەم مەنبەسى ۋە سودا ھەمراھى بولۇپ، ئىككى دۆلەت ئارىسىدا 2021 ـ يىلى يېڭىلانغان ئۆزئارا قوغداش شەرتنامىسى مەۋجۇت.

ختاينىڭ ئىلگىرى ب د ت نىڭ چاۋشيەنگە قاراتقان جازاسىنى قوللىشى ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىدە داۋالغۇش پەيدا قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ختاي بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان ۋەزىيەتتە، ختاي بىلەن چاۋشيەن ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن شاپاشلىماقتا.

چاۋشيەن رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا قوزغىغان ئۇرۇشىنى قوللاپ، رۇسىيە بىلەن بولغان ھەربىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىۋاتقان بولغاچقا، ختاي چاۋشيەن بىلەن ئارىلىق ساقلاشقا دىققەت قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا رايون مۇقىملىقىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ.

تونۇشتۇرۇش

ئون يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ختاي كىم جوڭئۈننىڭ ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، چاۋشيەننى سودا پۇرسىتى ۋە ياردەم بىلەن تەمىنلەپ كەلدى، شۇنداقلا چاۋشيەن ھاكىمىيىتىنىڭ يىمىرىلىشىنى ۋە 870 ئىنگلىز مىلى (1400 كىلومېتىر) ئۇزۇنلۇقتىكى ختاي ـ چاۋشيەن چېگراسىدىن مۇساپىرلارنىڭ ئېقىپ كىرىشىنى خالىمىغانلىقتىن، چاۋشيەنگە قارىتىلغان قاتتىق خەلقئارا جازالارغىمۇ قارشى تۇردى.

2024 ـ يىلى بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ قوش تەرەپلىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىغا 75 يىل بولدى. كىم جوڭئۈن بۇ يىلنى «چاۋشيەن بىلەن ختاي ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق يىلى» دەپ جاكارلىدى، شى

جىنپىڭمۇ بۇ يىلنى «ئۇزۇن مۇددەتلىك دوستلۇقنى ساقلاش، ئىستراتېگىيەلىك ئۆزئارا ئىشەنچنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش پۇرسىتى» دەپ ئاتىدى. ئەمما، چاۋشيەننىڭ يادرو سىنىقى ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبا قويۇپ بېرىشى يەنىلا چاۋشيەننى يادروسىزلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان كۆپ تەرەپلىك رامكا بولمىش «ئالتە تەرەپ سۆھبىتى»نى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدىغان خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە كۆلەڭگە چۈشۈرمەكتە.

چاۋشيەننىڭ 2018 ـ ۋە 2019 ـ يىللىرى ئامېرىكا ۋە كورىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش جەھەتتىكى دىپلوماتىك تىرىشچانلىقلىرى كىم جوڭئۇن بىلەن خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشقا تۆھپە قوشقاندەك قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قارىشىچە، رۇسىيە ئۇكرائىناغا قارشى ئۇرۇش قوزغىغان مەۋجۇت شارائىتتا، چاۋشيەننىڭ رۇسىيە بىلەن بولغان ھەربىي ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى خىتاينىڭ رايون مۇقىملىقىغا بولغان ئەندىشىسىنى كۈچەيتىۋەتكەن.

خىتاي بىلەن چاۋشيەننىڭ مۇناسىۋىتى قانداق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە؟

خىتاينىڭ چاۋشيەننى قوللىشى چاۋشيەن ئۇرۇشىدىن (1950 ـ 1953) باشلانغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا زور مىقداردىكى خىتاي ئەسكەرلىرى كورىيە يېرىم ئارىلىغا كىرىپ، شىمالدىكى ئىتتىپاقداشقا ياردەم قىلغان. شۇ ئۇرۇشتىن كېيىن، خىتاي كىم ئىلسۇڭ (1948 ـ 1994 ـ يىللىرى ئارىسىدا تەختتە ئولتۇرغان)، كىم جوڭئىل (1994 ـ يىلىدىن 2011 ـ يىلىغىچە) ۋە كىم جوڭئۇندىن ئىبارەت چاۋشيەن رەھبەرلىرىگە سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ياردەم بېرىپ كەلدى. 2021 ـ يىلى، بۇ ئىككى دۆلەت يەنە 1961 ـ يىلىدىكى «خىتاي ـ چاۋشيەن دوستلۇق، ھەمكارلىق ۋە ئۆزئارا ياردەم بېرىش شەرتنامىسى»نى يېڭىلاپ، مەزكۇر شەرتنامىنىڭ مۇددىتىنى يەنە يىگىرمە يىل ئۇزارتتى.

گەرچە خىتاي چاۋشيەن بىلەن يۇقىرىقىدەك تارىخىي مۇناسىۋەتكە ئىگە بولسىمۇ، 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا خىتاينىڭ ئىسلاھاتى ۋە كورىيە بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىسىنىڭ كۈچىيىشى سۈركىلىشنىڭ مەنبەسىگە ئايلاندى. چاۋشيەن خىتاينىڭ 1992 ـ يىلى كورىيە بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى نورماللاشتۇرۇش قارارىنى خىيانەت دەپ قارىدى، خىتايمۇ كىم جوڭئىلنىڭ 1994 ـ يىلى دادىسى كىم ئىلسۇڭنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقىغا ئېھتىيات نەزىرى بىلەن قارىدى. 2006 ـ يىلى چاۋشيەن يادرو سىنىقى ئېلىپ بارغاندا، خىتاي ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ چاۋشيەنگە جازا يۈرگۈزۈش خۇسۇسىدىكى 1718 ـ نومۇرلۇق قارارىنى قوللىغاندا، ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ

جەددىيلەشتى. خىتاي بۇ ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قاتار قارارلار ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ دىپلوماتىك قوللاشتىن ۋاز كېچىپ، جازالاشقا ئۆتكەنلىكىدىن سىگنال بەردى.

2017-يىلى، خىتاي چاۋشيەنىڭ شۇ يىلىنىڭ بېشىدىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىنىقىنى ئەيىبلەپ، كورېيە يېرىم ئارىلىدىكى جەددىيلىكنى كۈچەيتىدىغان ھەر قانداق ھەرىكەتنى توختىتىشقا چاقىرىق قىلدى. ھالبۇكى، ئامېرىكا پرېزىدېنتى دونالد ترامپ بىلەن كىم جوڭئۇن ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئامېرىكا-چاۋشيەن باشلىقلار يىغىنىنىڭ ئېلان قىلىنىشى خىتاينىڭ رايوندىكى تەسىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن چاۋشيەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى. نەتىجىدە، شى جىنپىڭ بىلەن كىم جوڭئۇن بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بەش قېتىم ئۇچراشتى.

مۇناسىۋەتنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، خىتاي چاۋشيەنگە قاراتقان جازا تەدبىرلىرىنى يېنىكلەتتى. خىتاي ب د ت نىڭ چاۋشيەنگە قاراتقان قارارلىرىنى قوللاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەزى ئەھۋاللاردا تاكى جازا تەدبىرلىرى يېنىكلىتىلگەنگە قەدەر، ئالاقىدار قارارلارنى قوللىماي تۇرۇۋالدى. بۇنىڭدىن سىرت، خىتاينى 2020-يىلى، يەنى ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ چاۋشيەنگە قاراتقان جازانى ساقلاپ قېلىشتىكى ئورتاق تونۇشى يىمىرىلىشتىن بۇرۇنلا جازانى بىكار قىلدى، دەپ ئەيىبلىگەن غەربلىك ئەمەلدار ۋە مۇتەخەسسىسلەر خىتاينىڭ ھەتتا چەكلىك سودا چەكلىمىسىگىمۇ رىئايە قىلغان-قىلمىغانلىقىدىن گۇمانلىنىدۇ. خىتاي بىلەن چاۋشيەن ئوتتۇرىسىدىكى ئىستراتېگىيەلىك مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارقا كۆرۈنۈشى ئاستىدا، چاۋشيەن تەيۋەن ۋە خوڭكوڭ مەسىلىسىدە، ئاتالمىش «بىر خىتاي سىياسىتى»نى ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا قوللىماقتا ھەمدە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق يەرلىك مىللەتلەرگە قىلغان زۇلۇملىرىنى كىشىلىك ھوقۇقتىكى «كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەت» دەپ بىلجىرلىماقتا.

خىتاي بىلەن چاۋشيەننىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى قانداق؟

جازا تەدبىرلىرىنىڭ ۋە COVID-19 ۋاباسىنىڭ تەسىرىگە قارىماستىن، خىتاي يەنىلا چاۋشيەننىڭ ئىمپورت-ئېكسپورتىنىڭ توقسان پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. باش شتابى كورېيەنىڭ سېئۇل شەھىرىگە جايلاشقان «كورېيە سودا ۋە مەبلەغ سېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئورگىنى»نىڭ (KOTRA) خەۋىرىگە قارىغاندا، 2000-يىلىدىن 2015-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا (خىتاي بىلەن چاۋشيەن ئارىسىدىكى) قوش تەرەپلىك سودا ئون ھەسسە ئېشىپ، 2014-يىلى 6.86 مىليارد دوللارلىق ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكەن. لېكىن، ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ 2016-يىلىدىكى — خىتايمۇ ئاۋاز قوشقان — جازاسى چاۋشيەننىڭ سودىسىنىڭ ئېشىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى.

خىتاينىڭ سودا سانلىق مەلۇماتلىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي ب د ت نىڭ چاۋشيەنگە يېقىلغۇ سېتىشنى ۋاقىتىنچە توختىتىش ۋە مالىيە پائالىيىتىنى چەكلەش قاتارلىق بىر قىسىم جازالىرىنى 2018-يىلىغىچە قوللىغان. لېكىن، دىزېل، دېڭىز مەھسۇلاتلىرى، پىلە قۇرتى ۋە يانفون قاتارلىق جازا يۈرگۈزۈلمىگەن تاۋارلارنىڭ تىجارىتى خىتاي-چاۋشيەن چېگراسى بويىدا مۇقىم داۋاملاشقان.

2020-يىلى 1-ئايدا، COVID-19 ۋاباسى خىتاي مىقياسىدا يامرىغاندىن كېيىن، چاۋشيەن (خىتاي بىلەن بولغان) چېگراسىنى تاقاپ، سودىنى تامامەن دېگۈدەك توختاتتى، نەتىجىدە چاۋشيەننىڭ ئىقتىسادى شۇ يىلى 4.5 پىرسەنت تۆۋەنلىدى. 2022-يىلى، خىتاي بىلەن بولغان سودا ئەسلىگە كەلدى، 2023-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئىككى تەرەپلىك سودا 2019-يىلى يۇقۇمنىڭ ئالدىدىكى سەۋىيەنىڭ 82 پىرسەنتىگە يېتىپ، ئومۇمىي قىممىتى 2 مىليارد 300 مىليون دوللار بولدى. چاۋشيەن خىتاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»غا ئەزا ئەمەس.

خىتاي چاۋشيەنگە بىۋاسىتە ياردەم بېرىدىغان بولۇپ، بۇ ئاساسلىقى يېمەكلىك ۋە ئېنېرگىيە ياردىمىدۇر. چاۋشيەن كۆپ قېتىم قاتتىق قۇرغاقچىلىق ۋە كەلكۈنگە دۇچ كەلگەچكە، زىرائەت هوسۇلى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى ۋە يېمەكلىك تەمىناتى تەھدىتكە دۇچ كەلدى. 1990-يىللاردىكى ئاچارچىلىقتا 600 مىڭدىن بىر مىليونغىچە ئادەم ئۆلدى. هازىر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئورگانلىرىنىڭ مۆلچەرلىشىچە، قىرىق پىرسەنتتىن ئارتۇق ئاهالە (يەنى 11 مىليونغا يېقىن ئادەم) ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك ۋە يېمەكلىك بىخەتەرلىكى مەسىلىسىگە دۇچ كەلمەكتە. 2020-يىلى تەيفېڭ بورىنىدىن مەنبەلەنگەن ئېغىر كەلكۈن ۋە COVID-19 ۋاباسى مەزگىلىدە چاۋشيەننىڭ قاتتىق بېكىنىش سىياسىتى يۈرگۈزگەنلىكى سەۋەبىدىن، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى ۋە ئالاقىدار ساغلاملىق مەسىلىلىرى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. 2022-يىلى، ۋابا يۇقىرى پەللىگە چىقىپ، چاۋشيەندە يۇقۇملانغانلار كۆپەيگەندە، كىم جوڭئۇن ب د ت قوللىغان «COVAX تەشەببۇسى»نى ۋە خىتاينىڭ ۋاكسىنا تەكلىپىنى رەت قىلدى. ئەمما، چاۋشيەن شۇ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ۋاكسىنا ياساپ چىقتى، تەھلىلچىلەر بۇ ۋاكسىنا تېخنىكىسىنى خىتاي تەمىنلىگەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىشتى.

خىتاي يەنە چاۋشيەن بىلەن بولغان ماددىي ئالاقىنىمۇ كېڭەيتتى. 2015-يىلى، خىتاي چاۋشيەننىڭ خىتايغا كۆمۈر ئېكسپورتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، پارچە قاچىلىنىدىغان تاۋارلار ۋە كونتېينېر توشۇش لىنىيەسى ئاچتى ھەمدە خىتاينىڭ چېگرا شەھىرى دەندوڭ بىلەن خىتاينىڭ شەرقىي شىمالىدىكى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى شېنياڭنى تۇتاشتۇرىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈر يول لىنىيەسى بەرپا قىلدى. شۇ يىلى، «گومېنۇەن چېگرا سودا رايونى» دەندوڭدا ئېچىلدى. بۇ رايون ئىككى تەرەپلىك ئىقتىسادىي ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، ئايرىم-ئايرىم هالدا 1990-يىللارنىڭ بېشىدا ۋە 2002-يىلى چاۋشيەن قۇرغان راسون ئىقتىسادىي رايونى ۋە سىنۇجيۇ ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننى ئۆرنەك قىلغان.

خىتاينىڭ مۇھىم نىشانلىرى قايسى؟

خىتاي كورىيە يېرىم ئارىلىنىڭ مۇقىملىقىنى ئۆزىنىڭ قوش تەرەپلىك مۇناسىۋەتتىكى ئاساسلىق مەنپەئەتى، دەپ قارايدۇ. خىتاينىڭ چاۋشيەننى قوللىشى، ئامېرىكانىڭ تەخمىنەن 28 مىڭ 500 قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز ئارمىيەسى ئەسكىرى تۇرۇشلۇق دېموكراتىك كورىيە بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈنچى رايون شەكىللىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. 2017-يىلى، دارمۇۋس ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى جېنىفېر لىند (Jennifer Lind) مۇنداق دەپ يازغان: «گەرچە خىتايلار ھەقىقەتەن چاۋشيەننىڭ يادرو قورالىغا ئىگە بولماسلىقىنى ئۈمىد قىلسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەڭ قورقىدىغىنى چاۋشيەندىكى ھاكىمىيەتنىڭ يىمىرىلىشىدۇر.»

نەچچە يۈزمىڭلىغان چاۋشيەن مۇساپىرلىرىنىڭ خىتايغا كىرىش ئېھتىماللىقى ئۇزۇندىن بۇيان خىتاينى ئەندىشىگە سېلىپ كەلمەكتە. خىتاينىڭ چېگرادىن قېچىپ چىققان چاۋشيەنلىكلەرنى ۋەتىنىگە قايتۇرۇشى ئىنچىل ھالدا كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچراپ كەلدى. 2006-يىلى خىتاي كۆچمەنلەرنىڭ چېگرادىن ئۆتۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن سىم توسۇق ياسىدى. چاۋشيەنلىك مۇساپىرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاسىيانىڭ — كورىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان — باشقا جايلىرىغا كۆچۈشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن خىتايغا بارىدۇ. ھالبۇكى، كىم جوڭئۇننىڭ چېگرانى قاتتىق كونترول قىلىشى مۇساپىرلارنىڭ سىرتقا ئېقىشىنى كۆرۈنەرلىك ئازايتتى.

خىتاي چاۋشيەن بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ مۇقىم بولۇشىغا مايىل بولسىمۇ، ئەمما ئۇ كورىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تەكشۈكلاشتۇرۇشقىمۇ ئۇرۇنۇپ كەلدى. خىتاي 2022-يىلى كورىيەنىڭ ئەڭ چوڭ سودا ھەمراھىغا ئايلىنىپ، كورىيەنىڭ ئېكسپورتىنىڭ يىگىرمە پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. ئۆز نۆۋىتىدە كورىيەمۇ خىتاينىڭ سودا شېرىكلىرى ئىچىدە تۆتىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئىككى دۆلەت ئارىسىدا دۆلەت مۇداپىئە ئىتتىپاقداشلىقى بارمۇ؟

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىلدۈرۈشىچە، خىتاينىڭ ھەربىي توقۇنۇشتا چاۋشيەننى قوغداش ۋەدىسى زىددىيەتكە تولغان. 1961-يىلىدىكى «خىتاي-چاۋشيەن دوستلۇق، ھەمكارلىق ۋە ئۆزئارا ياردەم بېرىش شەرتنامىسى»دە خىتاينىڭ سەۋەبسىز تاجاۋۇزچىلىققا ئارىلىشىش مەجبۇرىيىتى بار، دەپ بەلگىلەنگەن. ئەمما، بۇ مۇداپىئە كېلىشىمى ئەزەلدىن ئەمەلىيەتكە تەدبىقلىنىپ باقمىدى. ئامېرىكادىكى

«گېرمانىيە مارشال فوندى» ھىندى-تىنچ ئوكيان پروگراممىسىنىڭ مۇدىرى بونىي گلېيزېر (Bonnie Glaser) 2014-يىلى: «خىتاي ھۆكۈمىتى چاۋشيەن رەھبەرلىرىنى خىتايىنى چاۋشيەننى قوغداشقا مەجبۇرلايدىغان بەلگىلىمىنى بىكار قىلىشقا قايىل قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ» دېگەن. خىتاي يەنە توقۇنۇشنى چاۋشيەن قوزغىغان تەقدىردە، ئۆزىنىڭ شەرتنامىدە بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمايدىغانلىقىدىن، ئەكسىچە بىتەرەپ تۇرىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەن.

كىم جوڭئۇن بىلەن شى جىنپىڭ كۆپ يىل كۆرۈشمىگەن بولسىمۇ، ئەمما 2018-يىلى 3-ئايدا، ئىككىيلەن خىتايدىكى مەخپىي ئۇچرىشىشتا ئىخىمۇ دوستانە كۆرۈنگەن. بۇ يىغىن كىم جوڭئۇننىڭ 2011-يىلى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق چەتئەل زىيارىتى ئىدى. شۇ قېتىملىق ئۇچرىشىشتا، شى جىنپىڭ خىتاي بىلەن چاۋشيەن ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ئەنئەنىسىنى ماختاپ-ئۇچۇرغان، كىم جوڭئۇنمۇ ئۆز دۆلىتىنى يادروسىزلاشتۇرۇش ئىرادىسىنى ۋە ئامېرىكا بىلەن سۆھبەتلىشىشنى خالايدىغانلىقىنى قايتا تەكىتلىگەن. ئىككى رەھبەر كېيىنكى يىلى يەنە تۆت قېتىم كۆرۈشكەن، شى جىنپىڭ 2019-يىلى چاۋشيەنگە بارغان. بۇ خىتاي دۆلەت رەئىسلىرىنىڭ 2005-يىلىدىن بۇيان تۇنجى قېتىم چاۋشيەننى زىيارەت قىلىشى ئىدى. (شى جىنپىڭ 2008-يىلى مۇئاۋىن دۆلەت رەئىسى سۈپىتىدە چاۋشيەننى زىيارەت قىلغان.) ئەمما، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش توغرىسىدا چوڭ كېلىشىم ھاسىل قىلالمىغان.

2023-يىلى 11-ئايدا، چاۋشيەن بىلەن كورېيە ئۆزلىرى 2018-يىلى ئىمزالىغان، چېگرادىكى ھەربىي زىددىيەتنى پەسەيتىش تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئومۇمىيۈزلۈك ھەربىي كېلىشىم»دىن ۋاز كەچتى. شۇنىڭدىن كېيىن، چاۋشيەن ھەربىي سىناق ۋە مۇداپىئە تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىپ كەلدى، خىتاي بۇنىڭغا قارىتا ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتتى. «ۋىلسون مەركىزى» ئاسىيا پروگراممىسى ۋە «كورېيە خېيۇنداي موتور فوندى» كورېيە تارىخى ۋە ئاممىۋى سىياسەت مەركىزىنىڭ سابىق مۇدىرى سۇ مى تېرىي (Sue Mi Terry) مۇنداق دېدى: چاۋشيەننىڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى قۇتراتقۇلۇقى يېڭىلىق بولمىسىمۇ، كىم جوڭئۇننىڭ سىياسەت ئۆزگەرتىپ، كورېيە بىلەن بىرلىشىش تىرىشچانلىقىنى «ئۈتمۈشنىڭ قالدۇقلىرى» دەپ قارىشى جەڭگە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. خىتاي ئامېرىكانىڭ چاۋشيەنگە قاراتقان جازاسىدىن تەشۋىشلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى ۋە چاۋشيەننىڭ ھەر خىل باللىستىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىناقلىرىدىن كېيىنمۇ، «ھەر قايسى تەرەپلەر»نى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاي بىلەن رۇسىيە ب د ت نىڭ تەبىئىي گاز ئىمپورتىغا قوشۇمچە چەكلىمە قويىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا سىنىقىغا قارىتىلغان جازا تەكلىپىنى ئىنزچىل رەت قىلىپ كەلدى.

ئامېرىكا خىتاي ـ چاۋشيەن مۇناسىۋىتىگە قانداق تەسىر كۆرسەتتى؟

ئامېرىكا ياردەم، سودا، دىپلوماتىك مەنپەئەت ۋە مۇناسىۋەتنى نورماللاشتۇرۇش بەدىلىگە چاۋشيەننى يادرو قوراللىرى پىلانىدىن ۋاز كېچىشكە ئۈندىدى. ئەمما مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىلدۈرۈشىچە، گەرچە ئامېرىكا بىلەن خىتاي چاۋشيەننى يادروسىزلاشتۇرۇش نىشانى جەھەتتە ئورتاقلىققا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما بۇ نىشانغا قانداق يېتىش جەھەتتىكى كۆز قاراشلىرى ئوخشىمايدۇ.

ئامېرىكا چاۋشيەنگە تېخىمۇ كۆپ بېسىم قىلىش خۇسۇسىدا خىتايغا بېسىم ئىشلىتىپ، چاۋشيەننىڭ يادرو قورالى ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبا تەرەققىياتىغا مەبلەغ سالغان شىركەت ياكى شەخسلەرگە جازا يۈرگۈزۈش ئارقىلىق خىتاينىڭ چاۋشيەنگە بولغان ئىقتىسادىي تەسىرىدىن پايدىلىنىشنىڭ كويىدا. ئامېرىكانىڭ بىر قىسىم جازالىرى خىتاي بانكىلىرىدا ساقلانغان چاۋشيەن مەبلەغلىرىنى نىشان قىلسا، يەنە بەزىلىرى چاۋشيەننىڭ خىتاي بىلەن بولغان سودىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان كان مەھسۇلاتلىرى ۋە مېتال ئېكسپورت كەسپىنى نىشان قىلدۇ. ئامېرىكانىڭ باشقا بەزى جازالىرى جازا تەدبىرىگە خىلاپ ھالدا چاۋشيەنگە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشنى ئاسانلاشتۇردى دەپ قارالغان خىتاي شىركەتلىرىنى ۋە شەخسلەرنى نىشانلىغان.

ئۆتكەن ئون يىلدا، ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدا سودا، تەيۋەن، كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئاسيا ـ تىنچ ئوكيان رايونىدىكى نوپۇز قاتارلىق مەسىلىلەردىكى جىددىيلىكنىڭ كۈچىيىشى ئىككى دۆلەتنىڭ ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىدە چاۋشيەننىڭ يادرو تەرەققىياتىغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ھەمكارلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جوۋ بايدېن ھۆكۈمىتى چاۋشيەن بىلەن دىپلوماتىك ئالاقىلىشىش توغرىسىدا بىر قاتار تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، بۇ دۆلەت بىلەن سۆھبەتلىشىشكە ئامالسىز قالدى. تېرىينىڭ يېزىشىچە، سۆھبەتلىشىش ئۇرۇنۇشىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە ئامېرىكا ـ خىتاي رىقابىتىنىڭ كۈچىيىشى ھەمدە رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىناغا تاجاۋۇز قىلىشى قوشۇلۇپ، خىتاي، رۇسىيە ۋە چاۋشيەن ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىقنىڭ كۈچىيىشىگە سەۋەب بولدى. «نەتىجىدە، رۇسىيە بىلەن خىتاي ئەمدىلىكتە چاۋشيەنگە جازا تەدبىرى قوللىنىش ياكى شۇلارنى ئىجرا قىلىشتا ئامېرىكا بىلەن ھەمكارلىشىشنى رەت قىلدى.»

ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمىسى

مەنبە:

https://www.cfr.org/backgrounder/china-north-korea-relationship

ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا

مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر

(2024 -يىلى 2– ئاينىڭ 1 – كۈنىدىن 2 – ئاينىڭ 28 - كۈنىگىچە)

ئايلىق خەۋەر

(2024-يىلى، 2-ئاي)

ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكى بىلەن چېتىشلىقى بار ماشىنا ماركىلىرى كۆنتەرتىپكە كەلدى

رويتېرس ئاگېنتلىقىنىڭ 2-فېۋرال تەيبېيدىن خەۋىرى:

خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇقىنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ بايقىشىچە، GM, TOYOTA,VolksWagenm Tesla قاتارلىق دۇنياغا داڭلىق ماشىنىسازلىق كارخانىلىرىنىڭ ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكى بىلەن چېتىشلىقى بارلىقى ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ كارخانىلار شەرقىي تۈركىستان پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ئاليۇمىن مەھسۇلاتلىرىنى ئۆزى ئىشلەپ چىقارغان ئاپتوموبىللاردا ئىشلەتكەن.

خىتاي ئاليۇمىن ئىشلەپچىقىرىشتا دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، خىتاي ئىشلەپچىقىرىۋاتقان ئاليۇمىنلارنىڭ بەشتىن بىرى شەرقىي تۈركىستاندا ئىشلەپ چىقىرىلىدۇ. يۇقىرىقى ماشىنىسازلىق كارخانىلىرى ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان ئاپتوموبىللارنىڭ چاق، ئەينەك سۇرتكۈچ، توكلۇق ماشىنا-ئۈسكۈنىلەرنىڭ باتارېيىسى قاتارلىق قىسىملىرىدا شەرقىي تۈركىستاندا لاگېرغا قامالغان مىليونلارچە ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىشى نەتىجىسىدە ئىشلەپ چىقارغان ئاليۇمىنىنى ئىشلەتكەن.

خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇقىنى كۆزىتىش تەشكىلاتى بۇ ھەقتە ئېلان قىلغان دوكلاتىدا، ماشىنىسازلىق كارخانىلىرىنى لاگېرلاردا ئازاب چېكىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلىتىشتىن جىددىي ئاگاھلاندۇرغان.

چاۋشيەن (شىمالىي كورىيە) بىلەن رۇسىيەنىڭ ھەربىي ھەمكارلىقى خىتاينى ئارامسىزلاندۇرماقتا

ئامېرىكا ئاۋازى تورىنىڭ 1-فېۋرال خەۋىرى:

ئانالىزچىلارنىڭ بايانىچە، رۇسىيە بىلەن چاۋشيەننىڭ ھەربىي ھەمكارلىقىدىن ئارامسىزلىنىشقا چۈشكەن خىتاي، مەزكۇر ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئامېرىكانىڭ مەنپەئەتىگە پايدا كەلتۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىق يۆنىلىشكە بۇراش ئۈچۈن ۋە رايون خاراكتېرلىك مۇقىمسىزلىق كۆرۈلۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

مۇتەخەسسىلەر چاۋشيەننىڭ رۇسىيەدىن قورال-ياراغ تېخنولوگىيىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، رايوندا تېخىمۇ چوڭ تەھدىت ھاسىل قىلىش ئۈچۈن باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە ئاتوم تەرەققىياتى جەھەتلەردە يۈكسىلىشىدىن ئەندىشىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. چاۋشيەن رەھبىرى كىم جوڭئۈننىڭ چاتاقچى سىياسىتىنىڭ بارغانچە ئېشىشى بۇ جەھەتتىكى ئەندىشىلەرنى تېخىمۇ كۈچەيتمەكتە. چۈنكى ئۇ يېقىندا ئۇرۇش چىقىپ قالسا چاۋشيەن ئارمىيىسىنى كورىيەنى بېسىۋېلىشقا بۇيرۇق قىلدى، كورىيە بىلەن يارىشىش سىياسىتىنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

كىم جوڭئۈن ئالدىنقى يىلى سېنتەبىر ئېيىدا رۇسىيە پرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىن بىلەن موسكۋادا كۆرۈشكەن بولۇپ، ئۇ شۇ قېتىملىق كۆرۈشۈشتە كىم جوڭئۈن رۇسىيەنى ئۇكرائىنا ئۇرۇشى ئۈچۈن ئوق-دورا جەھەتتە قوللايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ بەدىلىگە رۇسىيەنىڭ ئۆزىنى تېخنولوگىيىلىك ياردەم بىلەن تەمىنلەشنى پۇتىن بىلەن مۇزاكىرىلەشكەن بولۇش مۇمكىنچىلىكى بار ئىكەن.

خىتاينىڭ ئامېرىكا ئەلچىخانىسى باياناتچىسى لىيۇ پېڭيۈ بۇ ھەقتە ئامېرىكا ئاۋازى مۇخبىرىغا قىلغان سۆزىدە ئۆزلىرىنىڭ رۇسىيە ۋە چاۋشيەن ھەمكارلىقىدىن مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسلىكىنى، بۇ جەھەتتە مۇخبىرنى ھېچقانداق ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىيەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئانالىزچىلار، خىتاي رۇسىيە بىلەن چاۋشيەن ئارىسىدا يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان قورال-ياراغ ئېلىم-بېرىمى ھەربىكىتىنىڭ رايوننى تېخىمۇ بەك مۇقىمسىزلاشتۇرۇۋېتىدىغانلىقىدىن ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

خىتاي چاۋشيەننى ئامېرىكانىڭ كورىيەدە تۇرۇشلۇق ئارمىيىسىگە قارشى توسالغۇ بولىدىغان دۆلەت دەپ قارايدىغان بولۇپ، بېيجىڭ چاۋشيەننىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشىغا كۈچىمەكتە ئىكەن. چۈنكى، ناۋادا چاۋشيەن رۇسىيەنىڭ ئىلغار قوراللىرىغا ئېرىشكەن تەقدىردە، ئامېرىكا بۇنىڭغا جاۋابەن كورىيەدىكى ئارمىيىسىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدىكەن، نەتىجىدە خىتايغا يېقىنلا يەردە ئامېرىكانىڭ خىتايغا قارشى تەھدىتى تېخىمۇ ئېشىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىكەن.

خىتاينىڭ مىسلىسىز رەزىل نىيىتى يەنە بىر قېتىم ئاشكارا بولدى

نيۇيورك ۋاقت گېزىتىنىڭ 1-فېۋرال خەۋىرى:

FBI نىڭ باشلىقى كرىستوفېر رېي چارشەنبە كۈنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە مەخسۇس ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، زور كۆلەملىك خاككېرلىق ھۇجۇمى قوزغاش سالمىقىنى كۈچەيتىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭدىكى مەقسەتنىڭ، ناۋادا تەيۋەن مەسىلىسىدە توقۇنۇش يۈز بېرىپ قالسا، خاككېرلىق ھەرىكىتى ئارقىلىق ئامېرىكانىڭ ئېلېكتېر تورىنى، نېفىت توشۇش تۇرۇبىلىرىنى ۋە سۇ بىلەن تەمىنلەش سىستېمىلىرىنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇش ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. كرىستوفېر رېي بۇ سۆزنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى خىتاي مەسىلىلىرى كومىتېتىدىكى يىغىندا قىلغان بولۇپ، ئۇ سۆزىدە يەنە مۇنۇلارنى بايان قىلغان: «خىتاينىڭ مەقستى قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىش ئارقىلىق ئامېرىكانىڭ ئۇرۇش قىلىش ئىرادىسىنى ئاجىزلىتىشتۇر. شۇنداقلا، ئامېرىكا بىلەن جۇڭگودىن ئىبارەت ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ ئارىسىدىكى ئوت پىلتىسى ھېسابلىنىدىغان تەيۋەن مەسىلىسى يامانلىشىپ، ئاقىۋەتتە ئۇرۇش چىققان تەقدىردە، خىتاي يۇقىرىقىدەك خاككېرلىق ھۇجۇمى قوزغاش ئارقىلىق ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇش مەنبەلىرىنى توسقۇنلۇققا ئۇچراتماقچى.»

كرىستوفېر رېي يەنە مۇنۇلارنى بىلدۈرگەن:«خىتاي خاككېرلىرى نۆۋەتتە ئامېرىكانىڭ ئۇل-مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئورنىنى بەلگىلەش خىزمىتىنى ئىشلەۋاتىدۇ. بۇ ئارقىلىق خىتاي ئامېرىكاغا خاككېرلىق ھۇجۇمى قوزغاشنى قارار قىلغاندا (تېزدىن ھەرىكەتكە ئۆتۈپ)، ئامېرىكا خەلقىگە ۋە ئامېرىكا شەھەر-مەھەللىلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ۋە ئەمەلىي زىيانكەشلىكلەرنى قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ. ئامېرىكا خەلقىگە تۆۋەن دەرىجىلىك زەربە بېرىش خىتاينىڭ بۇ جەھەتتىكى پىلانلىرىنىڭ بىر قىسمىدىن ئىبارەت.»

خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ كوممۇنىست ئىدىئولوگىيىسىگە ئۇيغۇن رەۋىشتە دىن تۇتۇشى ئۈچۈن يېڭى ئىجرائاتقا ئۆتتى

خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇقىنى كۆزىتىش تەشكىلاتى ئورگان تورى 31-يانۋار «خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى چەكلەشنى كۈچەيتتى» ماۋزۇلۇق باياناتا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، باياناتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

خىتاي 2016-يىلىدىن ئېتىبارەن «دىننى خىتايچىلاشتۇرۇش» سىياسىتىنى كۈچەپ ئىجرا قىلىشقا باشلىغان بولۇپ، «دىننى خىتايچىلاشتۇرۇش» — شى جىنپىڭ رەھبەرلىكىدىكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يادرولۇق خىزمەتلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلدى. خىتاينىڭ مەزكۇر سىياسىتىنىڭ مەقستى، دىنىي ئىبادەت ئورۇنلىرىدا ۋە دىنىي مۇراسىملاردا خىتاي مەدەنىيىتىنى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ

ئىدىئولوگىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت. 2024-يىلى، 1-فېۋرالدىن باشلاپ خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ھەقتىكى يېڭىدىن تولۇقلانغان بەلگىلىمىلەر بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ھەقتىكى يېڭى بەلگىلىمىلىرى 2014-يىلىدىن باشلاپ يولغا قويۇلۇشقا باشلىغان مۇناسىۋەتلىك دۆلەت قانۇنى ۋە بەلگىلىمىلىرى بىلەن ئىزچىللىققا ئىگە.

خىتاينىڭ بۇ ھەقتىكى يېڭى دىنىي بەلگىلىمىرى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ۋە ئىدىئولوگىيىسىنى باستۇرۇشتىكى ئەڭ يېڭى ئورۇنۇشى ھېسابلىنىدۇ، بۇ يېڭى لايىھە دىنىي پائالىيەتلەرنى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىدىئولوگىيىسى بىلەن مەجبۇرىي ھالدا بىردەكلىككە ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلغان. بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلار تۈرمىگە قامىلىش خەترى ئاستىدا.

خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي چۈشەنچىلىرى ۋە پائالىيەتلىرىنى خىتايچىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ لايىھەسى 2014-يىلى يېڭىلانغان بولۇپ، بۇ لايىھە 1994-يىلى باشلانغان مۇشۇ ھەقتىكى لايىھەسىنىڭ ئورنىنى ئالغان. بۇ ھەقتىكى قائىدە-نىزاملار ۋە ئۇنىڭ يېڭىلانغان نۇسخىلىرى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش خىزمەتلىرىنىڭ توختاۋسىز رەۋىشتە ئۆزگىرىپ ۋە يېڭىلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئۇيغۇر سىياستى قانۇن لايىھەسى ماقۇللاندى

ئۆز خەۋىرىمىز:

2024-يىلى، 2-ئاينىڭ 15-كۈنى ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىدا «ئۇيغۇر سىياستى قانۇن لايىھەسى» ھەر ئىككى پارتىيە تەرەپتىن يۇكسەك رەۋىشتىكى يۇقىرى دەرىجىدە قوللاش نەتىجىسىدە ماقۇللاندى.

ئامېرىكا ئاۋام پالاتا ئەزاسى ياڭ كىم خانىم تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان مەزكۇر قانۇن لايىھەسى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراۋاتقان ئۇيغۇرلارنى ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرنى قوغداش ئۈچۈن ئامېرىكانىڭ رېئال قەدەملەرنى ئېلىشىغا ھەيدەكچى بولىدىكەن.

بۇ قانۇن لايىھەسى — ئۇيغۇرلارنىڭ باستۇرۇلىشىغا قارشى خەلقئارالىق ئويغىنىش بەرپا قىلىش، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە قارشى ئۈنۈملۈك جاۋاب قايتۇرۇشقا يېتەكلەش، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاۋازىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن قىلىۋاتقان تىركىشىشلىرىگە قارشى قايتۇرما ھەرىكەتكە ئۆتۈش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

ئامېرىكا ئاۋام پالاتا ئەزاسى ياڭ كىم خانىم بۇ ھەقتىكى باياناتىدا مۇنداق دېگەن: «ئۇيغۇرلار ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆز كىملىكى سەۋەبلىك توختاۋسىز ئاۋازى بوغۇلماقتا، تۇتقۇن قىلىنىپ تۇرمىگە قامالماقتا، قىيىن-قىستاققا ئېلىنماقتا ۋە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەسىس قىلىپ چىققان يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدا مېڭىسى يۇيۇلۇشقا دۇچ كەلمەكتە. بىز ئۆزىمىزنىڭ سۆز ۋە ھەرىكەتلىرىمىز ئارقىلىق خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا قارشىلىقىمىزنى، شۇنداقلا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ خاتا ئۇچۇرلىرىغا، تەھدىتلىرىگە ۋە پاكىتنى بۇرمىلاشلىرىغا قارشى تۇرىدىغانلىقىمىزنى كۆرسىتىشىمىز لازىم.»

ياڭ كىم خانىم ئۇيغۇر سىياسىتى قانۇن لايىھەسى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «مەن ئۇيغۇر قانۇن لايىھەسىنىڭ ئامېرىكادىكى ھەر ئىككى پارتىيە تەرىپىدىن زور كۈچ بىلەن قوللاش نەتىجىسىدە ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەنلىكىدىن مەمنۇنمەن. بۇ قانۇن لايىھەسى شەرقىي تۈركىستاندا خىتاينىڭ ئىنسانىيلىققا زىت مۇئامىلىلىرىگە دۇچ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۇلۇغ كىشىلىك ھوقۇقلىرىنى ۋە ئۆزىگە خاس كىملىكلىرىنى قوغداشتا رېئال قەدەملەرنى بېسىشى ئۈچۈن ئامېرىكانى ئەۋزەللىك بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ قانۇن لايىھەسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي، دىنىي، كۇلتۇرەل كىملىكلىرىنى شۇنداقلا تىل-يېزىق كىملىكلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ئامېرىكانىڭ رېئال چارىلەرنى قوللىنىشىغا، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇققا ۋە دىنىي ئەركىنلىككە ھۆرمەت قىلىنىشىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولىدۇ.»

ھ. ئىبراھىم تەييارلىدى

مەمەتجان سەمەت
ئامېرىكادىكى ئۇيغۇر رېژىسسور مەمەتجان سەمەت

ئۇيغۇرلار

The Uyghurs

ئۇيغۇر مەدەنىيتى ۋە مەۋجۇدىيتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival

مۇنازىرە ياكى مۇھاكىمىنىڭ نىشانى يېڭىش ئەمەس، بەلكى ئىلگىرلەش بولۇشى كېرەك. - يوسېف جوبېرت